# ئۇيغۇر
# خەلق ئەدەبىياتى

١٩٨٠

ئەسكەرتىش: مېنىڭ ئەڭ كۆپ سۆيۈپ ئوقۇغان-
بۇ كىتاپ غۇلامىدىن پاختا ئەھمەت ھاجى پاختا
مۇمىن مۇڭ ئوغلىغا مەنسۇپدۇر!
بۇ غۇربەت دىيارىدىكى مېنىڭ مۇقەددە-
سىمدۇر!... مەندىن كېيىن قالغان
ئوقۇچىلەرگە بىر يادىگار «ئەسلەتمە»
بولغاي. 1967 - نويابر. ئاقش

FROM THE LIBRARY OF
GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN
NAT'L RESEARCH
CENTER INC

# ئۇيغۇر
# خەلق ئەدەبىياتى

«قازاق ئېلى» ژۇرنالىنىڭ نەشرىياتى
1949

## توپلىغۇچىلاردىن:

ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ توپلامىغا ناخشا- قوشاقلاردىن باشقا، ئۇيغۇرچە ماقال ھەم تەمسىللەرمۇ كىردى. ئەلبەتتە، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىغىز ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ناخشا- قوشاقلار تولۇق بىرىلدى دەپ ئىيتىشقا بولمايدۇ، بۇ پەقەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادى بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ توپلامغا كىرگەن ناخشا- قوشاق ۋە ماقال ھەم تەمسىللەر ئۆز ۋاقتىدا يىغىلىپ، قىسمەن نەشر ئىتىلگەن ن. ن. پانتۇسوف، س. شاكىرجان ئوغلى، ئۇيغۇر شۇناسلارنىڭ ئايرىم توپلاملىرىدىن ۋە ئۆزىمىزنىڭ شەخسەن يىغىپ توپلىغان ماتىرىياللىرىمىزدىن قۇرۇلدى.

توپلىغۇچىلار: ق. ھەسەن ئوغلى،
ئا. شەمى قىزى.

مۇھەررىرى: ئا. شەمى قىزى.

# تارىخى-ئنقىلابى قوشاقلار

## سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى

### سادىرنىڭ يامۇلدا ياتقاندا ۋە قېچىپ يۈرگەندە ئېيتقان قوشاقلىرى

سادىر دەپ ئېيتىم يامان،
ئون بەش ياشدا ئاتالغان.
دەستلايقى تۇتۇلغاندا،
جولانجانغا پالانغان.

يامۇلغا چۈشۈپ قالدىم،
چۈچۈن بىلەن پىشتلارغا.
ۋاڭزى پۈلىنى دەيدۇ،
ئۆلگۈرمەيدۇ ئىشتلارغا.

ۋاڭزى پۈلىنى دەيدۇ،
ۋاڭزىيغا نىمە لازىم؟
يار خالتا ئىيۈەتپتۇ،
يامۇلدا يىتىپ تازىم.

ياموٗلدا تولا ييتب،
بيشم بر قوٗچاق بولدى.
مەن ياموٗلنى تەشكەندە،
قوۋوٗرغا پچاق بولدى.

ياموٗلنى تيشب قويوٗب،
ئككى چقدم تالاغا.
مينى ياققان بەشرديابى،
ئەندى قالدى بالاغا.

ياموٗلدن قاچقان ۋاقتدا،
قازانچى بلەن قاچتوٗق.
چيركلەر قوغلاب چقسا،
قار كيچب، داۋان ئاشتوٗق.

تەنشان تاغليرى دەيدوٗ،
مينك ياتار ماكانمدوٗر.
نيمە قلساڭ قل شەگگەن،
سينك سورار زامانڭدوٗر.

بالا-چاقام ييئم قالدى،
قچقارسام ئوٗنوٗم يەتمەس.
قوقماس غەيريتم باردوٗر،
بوٗنك ئوٗچوٗن بيشم كەتمەس.

خنايدن قيچب يۇرۇب،
تاغلارنى ماكان ئەتدم.
قوساق ئيچى يامان ئيكەن،
شالۋۇرنى كاۋاب ئەتدم.

شالۋۇرنى كاۋاب ئەتسەم،
بر تانلق بيغر بولدى.
تاغلاردا قيچب يۇرۇب،
ئاتلبرم ييغرە بولدى.

ئيگز تاغنڭ قارغيىى،
قشليغى شالاڭ ئوخشاش.
هەمرايىمنى يەي ديسەم،
ئوزەم تاپقان بالام ئوخشاش.

يامۇلدن قاچقان كۇنى،
يولداش بلەن تيپشدم.
قوغلاب چققان چيرك بلەن،
ئۇچ كۇنگيچە ئيتشدم.

چيرك قاچتى نليغا،
ئيتب چۇشەردم بيليغا.
سەكرەب چۇشۇب ئيتمدن،
نەيزا تقدم گيليغا.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيۇ.
جان تاپماق ئۈچۈن ساندم،
بىجن ئچىدە ياڭيۇ.

كۆرە يولىدا يۈرۈپ،
مەپەڭ سۇنىدىمۇ شەڭگەن؟
سادىرنى تۇتۇپ بىرىپ،
كوڭلڭ تنديمۇ شەڭگەن؟

ئولۇم كەلدى بىشمغا،
تاڭماقتا نىمە چارە؟
مەن بلمەس قانداق يامۇل؟
قلارمەن پارە-پارە.

مەن يامۇلدن قاچقاندا،
بر مانجۇ بلەن قاچقان.
سالاسۇنغا سولاپ قويۇپ،
قۇلۇپ تولغاپ، تشك ئاچقان.

يامۇلدن قىچىپ چقپ،
بەش كۈن ماڭدم پىيادە.
بر قالماق ماڭدۇ دەيدۇ،
دوۋلەت بەرسۇن زىيادە.

يامۇلدن قيچب چقب،
يانقان يبرم يانبۇلاق.
خۇدايىمدن تلەيمەن،
ماڭا بەرسۇن بر ئۇلاق.

يوللاردا كيتب بيرب،
قاتتق نينمنى يىدم.
بر مانجۇ سوراب ئيدى،
مەن ئوزەم خەلىن ديدم.

سادير دەب ئيتم قالدى،
داڭزيدا خيتم قالدى.
خيتمنى ئوقۇب باقسام،
بەش بالام ييتم قالدى.

مينى ئۇرۇمچيگە پالايدۇ،
شاۋاخان توغاچ ياققن.
بەش بالام ييتم قالدى،
تينەتمەى ئوبدان باققن.

مينك ئۇچ بالام باردۇر،
چوڭى پەننامـا ئوقويدۇ.
مينى مويتوڭزيدا چاپسا،
تينمنى قاغا چوقۇيدۇ.

سادیرنڭ منگەن ئیتی،
دوڭ یامۇلغا قارایدۇ.
سادیر ئوزی خوخەگزە،
ئولتۇرمەیدۇ، پالایدۇ.

یامۇلدن قیچىب چقب،
ئاغامچا تیپىب ئالدم.
ئاسنمدیكی ئالا ئاتنی،
ئون سەرگە سیتىب ئالدم.

سادیرنڭ منگەن ئیتی،
ساغریسیدا ئالبسی.
ئلیدا خوتۇن قالدی،
قۇچیغیدا بالیسی.

یامۇلنڭ یاغاچلیری،
زیلۋا قاریغای چەگزە.
یامۇلدن قیچىب چققان،
سادیر ئوزی خوخەگزە.

بر بوكەینڭ غولیدا،
ئارپا تالقینینی چاچتۇق.
یاییلار قوغلاب كەلسە،
قار كیچىب، داۋان ئاشتۇق.

ختاى چقدى يېپيلپ،
سادىر ئاتدى تېپپنپ.
دالدا قلغان قارا تاش،
جۇگامنى ئالدى يېپينپ.

سادىر مەنەى سادىر مەن،
سادىر بولماى نىمە مەن.
تاغ يولليرينى سوريساڭ،
ھەممە جاينى بليمەن.

سادىرنڭ ئەل-يۇرتىنى، بالا-چاقىسىنى سېغىنىپ
ئېيتقان قوشاقليرى

ئاتىسىدىن يېتم قالغان،
ئانىسىدىن يېتم قالغان،
يېتم قالغاندا مەن ئالغان،
ھيميدە ئاتلق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئىتم ئاچ قالدى،
بر توكۇم سامان بارمۇ؟
ئاغزمغا ئلم سالغان،
ئيمام-مەزن ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
تورۇق ئاتقا چوب بەرگەن،

سادىر ئۇچۇن جان بەرگەن،
ھېمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئۇيۇمنىڭ توريدە يېتىپ،
چاشقاننى ماراپ ياتقان،
كالا گوشنى تەڭ يېگەن،
موشۇكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
كېچە - كۈندۈز قاۋاپ ياتقان،
چاپايىمنى تولا تاتقان،
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ بالىلىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيدۇ.
مېنى كىچىك دادام دېگەن،
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئوقۇردا كىشنەپ تۇرغان،
ئورۇق ئىتىم ئامان بارمۇ؟
چاپايىمنى تولا تاتقان،
ھېمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاختىدا،
دەل - دەرەخلەر پىشىدۇ.

ئوزی پشب ئوزی چۇشكەن،
ئالما ـ ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

پوماچخان دەپ بالام بار،
دادام دەيدۇ ھەجەپ تاتلق.
بەش بالامنك ئچيدە،
كچيگى دانيخان ئاتلق.

سادیرنك دۇشمەنلەرگە قارىتپ ئيتقان قوشاقليرى

يامۇلنك ياغاچليرى،
ئيگز قاريغاى چەكزە.
سادير ديگەن خوخەكزە،
قوليدا قلچ، نەيزە.

ئات منم كۆرەك قاشقا،
سەكرەتدم تاشدن ـ تاشقا.
چيرك ئاتيدۇ تاشقا،
سادير ئاتيدۇ باشقا.
١
ئاق بوز ئيتم ئامدانمۇ؟
كوك بوز ئيتم ئامدانمۇ؟
پۇل تيپپ بەرسەم ئامدانمۇ؟
سادير ئوزى يامانمۇ؟

مىنى ئۆتىمەن دىگەن،
سەن تاغلىق نارا تاغلىق.
مىنىمۇ ئۆتالمايسەن،
ئوغۇل بالا مەن خاكىرىق.

سادىرما ئوغۇل بالا،
باۋان يەرنى خالايدۇ.
بىر يامبۇ ئىتىپ قويسام،
ئولتۇرمەيدۇ پالايدۇ.

## 1916 قوشاقليرى

پادشاه جاللادليرى تەريفيدن قايقا داۋانيدا ئيتلب ئولتۇرۇلگەن تەمگەكچيلەرگە قاريتب قوشاقچى ئولانانڭ چقارغان بيينلبرى.

قايقا داۋان تاغليرى،
توكۇلگەندۇ قانلبرى.
تۇتۇب نەيزە سالغاندا،
سيقريغاندۇ جانلبرى.

ئاكلاكلا خالايىقلا،
ئولاتا ئيتقان بييتنى.
لاشمانلققا تۇتۇب بەردى،
ھەمەم ديگەن شيهيتنى.

توخنيياز ديگەن باتۇر،
قايقا ئۇستيدە ياتۇر.
كوپنكڭ سوزينى سوزلەب،
ئوز بيشينى بەپ ياتۇر.

يەلكنى كولاۋينب،
كەتمەن قايريلب كەتتى.
قايقينك شيهيتليرى،
ياش تۆرۆب ئولۇب كەتتى.

قارا ــ قارا قاغيلا،
باللىريغا دان بەرگەن.
كچيكنە مۇساباي،
قايقى ئۇستيدە جان بەرگەن.

توخسۇن ئاكا نيمە بولدۇڭ؟
بر قورادا ئولتۇرماي.
گۇلشەم چوڭنام ييغلايدۇ،
ئالغۇز ئويدە يانالماي...

دۇشمەنلەر چقب كەلدى،
قايقى ئۇستيدن ئوتۇب.
شيهيت بولغان ييگتلەر،
قالدى قانلارغا ييتب.

يۇقۇردن چۇشۇب كەلگەن،
جەرەن ئاتلق جارۇللا.
قايقى ئۇستيدە يانۇر،
جەرەن كوزلۇك جارۇللا.

قايقا يولى تار ئيكەن،
ئىككى يېقى قار ئيكەن.
بيلەر چوڭنام بيچارە،
بر كورمەككە زار ئيكەن.

ئوستەڭ بوييدا يالپۇز،
يالپۇزنڭ شيخى يالغۇز.
جينمغينا شۇ ئاتام،
قايقا ئۇستيدە يالغۇز.

ئالما ئاتىم دەرياغا،
لەيلەۋالدى، چوكمەيدۇ.
قيرنداشنڭ نوتليرى،
يالقۇندايدۇ، ئوچمەيدۇ.

ئوقنى ئاتدى يۇرەككە،
يينب نەگدى پيلەككە.
ئاق پادشاهنڭ قلبغى،
ئورناب كەتدى يۇرەككە.

ئشك ئالدى توپ سيدە،
ئانقا سيلب بيرەى بيدە.
زالملارنڭ دەرديدە،
بولدى يۇرەكلەر زيدە.

ئۇستەڭ ياقىلاپ مىڭىپ،
ئانقامچا تىپىپ ئالدىم.
لاشمانلىقتا كەتكەنلەرنى،
قوشاقتا قىيتىپ ئالدىم.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۆنلەردە،
يەلمىغاندۇ چۆللەردە.
ئۈششاق باللىرى بارلا،
زار يغلايدۇ يوللاردا.

كەچ كردى زاۋال بولدى،
دازۇزلارنى ئەتكەندۇ.
شېھىت بولغان يىگتلەر،
قانغا پىتىپ ياتقاندۇ.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
بوكىبوك قۇڭغۇز ئەمەسمۇ؟
باليلارنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئازات توڭغۇز ئەمەسمۇ؟

ياز كىلىپ سايرىدى بۇلبۇل،
كوك چيمەن باغ ئچيدە.
ۋاقتسز جينگنى بەرديك،
چول-ياۋان، تاغ ئچيدە.

ئاتلارنى قوشۇب يانا،
ماڭدى قرغز سايىغا.
تاغ، دېڭز تترەيدىكەن،
قوما-قيرنداش ۋايىغا.

ئاسماندىكى ئاى قايدا؟
ئاۋات دىگەن جاى قايدا؟
يۇرتنىڭ كوز نۇرى بولغان،
توختنياز باتۇر قايدا؟

چول قايقىنىڭ بيشيدا،
قار كوچمەى يىتب ئالدى.
شيهيت بولغان ئەرلەرنىڭ
باللىرى يىتم قالدى.

قايقا يولى ھەيۋەتلك،
بۇلاق سۇيى شەرۋەتلك.
مەقسىدىگە يىتەلمىگەن،
كير يماخۇن رەھمەتلك.

لاشمانلققا ماڭغاندا،
ئەل غەمدە يغلاب قالدى.
«خوش جينم بالام!» دىيىشب،
قارا كوزگە ياش ئالدى.

خوتۇنلار تولا يغلاب،
ياغلق ئۇچى هول بولدى.
ياش باليلار ئشقا كيتب،
مەللە ئچى چول بولدى.

ئشيگكدە سۇ ئاقار،
سۇ تيگيدە قۇم ئاقار.
لاشمانلقا كەتكەنلەرنڭ
بالليرينى كم باقار.

ئوستەڭ بويى سۇزۇك تاش،
ماڭغانلارنڭ كوزى ياش،
بۇ فەرماننى چقارغان،
نيكولاى زالم باغرى تاش.

ئاتا-ئانا بيچارە،
زار يغلبشب قالماقدا.
ديلى قارا نيكولاى،
ياش باللارنى ئالماقدا.

ئوستەڭ ياقيلاب ماڭسام،
ئورۇسلارنڭ مونچيسى.
لاشمانلقا كەتكەنلەر،
قزل گۇلنڭ غۇنچيسى.

پەرەڭ ياغلق نيگپسز،
ئۇنى ئوگمەيدۇ دەمسز؟
ئيريگزنى سيتبۋەتلدى،
بزنى بلمەيدۇ دەمسز؟

قارغاينك يوپۇرميغى،
قاتما-قات بولار ئيكەن.
قيرنداشدن ئايرلساڭ،
خوبما دەرد تولار ئيكەن..

گۇل تيرب ئەينەككە قويدۇم،
قسقيلى باللار قينى؟
ئاش تيرب ساندۇققا قۇيدۇم،
ييگيلى باللار قينى؟

تاققا چقدم كييك ئاتدم،
ئارتقيلى ئاتلار قينى؟
كوتۇرۇب ئويگە كەلدم،
ييگيلى باللار قينى؟

سۇ بويىدا ياش تاللار،
تال ئيگلدى پەس بولدى.
زالملارنڭ قوليدا،
كۇن ئالماقما تەس بولدى.

ئسپیسکینی تالاشقان،
ئافسۇ بلەن دولانا.
بۇ قوشاقنی کم قوشقان؟
ئوسمان بۇزلۇك ئولانا.

حیسامیدن شاعیرنڭ یارکەنت بالیلیرینی لاشمانلققا ئیلب
ماڭغاندا قوشقان قوشاقلیری.

کەمیسسیيه دوختۇرلا،
یاش باللارنی کوریدۇ.
ــ ماڭ ئالدیغا سەن ئوت! ــ دەب
کەمبەغەلنی ئۇربدۇ.

بز یارکەنتدن چققاندا.
ئانلار قالدی تزیلب.
ئامان بولساق قایتارمز،
رۇسییەنی ئایلینب.

یارکەنتدە ئمکی میچت،
بری خۇلپه بری تاش.
لاشمانلققا کەتکەنلەرنی،
کورمرمیکن عیزیز باش.

يار كەتتنىڭ باللىرىنى،
حاجى توڭغۇزغۇ ـ ساتتى.
پۇلىنى ئۆزى ئېلىپ،
قوسىغىنى يوغانتى.

بز يار كەتتدن ماڭغاندا،
ئوياز باشلىق ئۆزانتى.
ئوسەكدن بز ئوتكەندە،
قىيامەتنى كورسەتتى.

دەريا بويىغا كىلىپ،
قىلۋىدن بوران بولدى.
لاشمانلىقا ماڭغانلار،
يغلىشىپ راۋان بولدى.

شاكرجاننىڭ دوپپىسى،
ياغاچ قوزۇقدا قالدى.
شاكرجاننىڭ ئانىسى،
حەسرەت ـ قايغۇدا قالدى.

پۇتۇمدا يوغان چورۇق،
يولدا ماڭدم چاڭ ئېتىپ.
لاشمانلىقا ماڭغاندا،
ئانام قالدى زار ئېتىپ.

ھارۋۇدا كيتب بيرب،
كەينيمزگە قايرلدۇق.
تەلەيسز ئيكەنمزغۇ،
ئاتا-ئانيدن ئايرلدۇق.

خامانغا كەلگەن باللار،
ئەندى بولدى تيپنچى.
ئيگەنى باشقا قويدۇق،
توقۇم بولدى ييپنچى،

تورۇس ھارۋۇسى دەيدۇ،
تالدى چاقى پەس ئيكەن.
لاشمانلققا بارغاندا،
كۆن تالماققا تەس ئيكەن.

قاريسام كورۇنمەيدۇ،
بزنڭ ئوينڭ ياغيچى.
ئاھ ديسەم ئاۋۋال كەلدى،
قارا كوزۇمنڭ ييشى.

تاماز دۆڭنڭ باغريدا،
ئۇششاق-ئۇششاق قارا تاش.
لاشمانلققا ماڭ دەيدۇ،
ئسلام ئاخۇن ئەللك باش.

ئوستەك سۇبى ئيچلدى،
تۇغانليرى چيپلدى.
لاشمانلىقا كەتكەنلەر،
مال ئورنيغا سيتلدى.

يار كەتتنك بازاريغا،
كرگەندۇ ئۇلاق، سامان.
ئاڭلاڭلار ئاغينيلەر،
بزنى كويدۇرگەن زامان.

ئيتمنى توقۇب قويدۇم،
يوپۇق ياپيمەن ئەندى.
سويگەن ياردن ئايريلب،
يالغۇز ياتيمەن ئەندى.

ساندۇق ئچيدە ئۇزۇم،
يغلايدۇ قارا كوزۇم.
كشينك يۇرتى غيربلق،
ئوتمەيدۇ مينك سوزۇم.

كيليمەن ئۇزۇن يولدا،
كەنيمزگە قايريلب.
قاربماس ئيدم دوستلار،
ئانام قالدى ئايريلب.

بزنڭ تاپقان پۇليمز،
نيكولاينڭ قوليدا.
خويما زيلۋا يىگتلەر،
لاشمانلقنڭ يوليدا.

ئيمپيراتور پادشاهدن،
ئويازغا كەلدى بۇيرۇق.
ئاقساقال حاجى بولۇس،
بزگە قلماقدا زورلۇق.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
«ئويلاب باقايلى» ــ دەيدۇ.
حاجى قالماق بولۇسدن،
«سوراب باقايلى» ــ دەيدۇ.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
«ئانچاڭ بولسا بەر» ــ دەيدۇ.
پۇلۇڭ بولمىسا سينڭ،
لاشمانلققا بار دەيدۇ.

لاشمانلققا ماڭغاندا،
يار كەنتلەرگە قار ياققان.
قيم بەگ حاجى بولۇس،
بزنى ئاقچيغا ساتقان.

ھەجەبما قورقۇپ كەتدۇق،
زالملارنڭ زۇلميدن.
ئاتا-ئانا خەت سالغن،
يۇرۇب تۇرغان پوچتيدن.

كوميسسىيە دوختۇرلار،
ئاغرق-ساقنى ئلغايدۇ،
«ئاغرق بولۇب قالساڭ»ـــ دەب
ئاتا-ئانا يغلايدۇ.

قوليمزدا ئاق ياغلق،
كوز-ياشلارنى ئيپتيمز.
ئاتا-ئانينى تاشلاب،
يۇرتدن قانداغ كيتيمز؟

يار كەتتدن چقب كەتدۇق.
ئالمۇتيغا بز يەتدۇق.
قشنڭ كۇنى سوغلاردا،
عازابنى تولا تارتدۇق.

ئالمۇتا خەلقى بزگە،
چاجان قلدى يوللاردا.
خوشال بولدۇق ئۇلاردن،
رەخمەت ئيپتدۇق ئۇلارغا.

پادشاھدن بۇيرۇق كەلگەن،
مڭ لاشمانچى ئالسۇن دەب.
كوپ ئادەم دۇگا قلدى،
ئامان ئيسەن يانسۇن دەب.

لاشمانلققا ماڭماسدا،
كوپ ئادەم ئېتيلب كەتكەن.
زالم بولۇس، مڭ بېشى،
ئاقچيغا سيتيلب كەتكەن.

لاشمانلققا يېزب ئالدى،
مڭ بالينى ياريتب.
ناميزيەمزنى چۇشۇرگەن،
قيلۇى ياققا قاربتب.

قۇرئان ئاستيدن ئوتتۇك،
موللاملار ئوقۇب تۇردى.
«جيدەل چقميسۇن» ديېشب،
ئويازلار قاراب تۇردى.

بزنى پادشاھ ئالغاندا،
«ئاكوپ كولايسەن» ديگەن.
«قايتب كەلمەيمز» ديېشب،
عيزيز جاندن غەم ييگەن.

بيچاره لاشمانچيلار،
زالملارغا باغلانغان.
ئاخشيمى ئاخشا ئيتيب،
كوچيلارنى ئايلانغان.

كوچيلارنى ئايلينب،
يار بوييدا تۇرغۇزدى.
«بولغۇن، تۇزۇك ماڭغن» دەب،
پوليتسييگە ئۇرغۇزدى.

بز كەلگيچە ئانيلار،
ئامان بولسۇن باليلار.
ئامان بولساق قايتارمز،
ئۇسەكديكى كوك تاللار.

هەر جۇمەدە توپلۇشۇپ،
ئۇسەك بويلاب ئويناتدۇق.
بزنى تۇققان يۇرتيمز،
يار كەلتيمزگە تويماتدۇق.

لاشمانلقنا ماڭغاندا،
يار بوييدا ئانام قالغان.
«ئامان بول ئانا...» ديسەم،
ئۇن سيلب يغلاب قالغان.

بازار تەرەفكە ماڭدۇق،
«زامانەى» دەب ناخشا ئيىتب،
سوغلاردا ئىلب ماڭدى،
كەمبەغەلنى قاخشىتب.

هاۋادا ئۇچۇب يۇرگەن،
ۋىچر-ۋىچر قالىغاچ.
لاشمانلقا ماڭغاندا،
بالام قالدى يالىڭاچ.

حيساميدن شاعير باشلق يۇزۋفكيغا بارغان باليلارنڭ خاڭدا
هەم ۋاگون يولليريدا ئشلەب يۇرۇب ئيىتقان ناخشيليرى

ئالمۇتيدن خەت سالدم،
يېرم ئالميني چشلەب،
ئامان بولساق قايتارمز،
ۋاگون يوليدا ئشلەب.

ۋاگون يولى قايدادۇر،
توپراقليرى مايدادۇر.
لاشمانلقا كەلگەنلەر،
قارا سۇخار نان يەيدۇر.

يۇزۇقكيغا بارغاندا،
خاڭدا كومۇر كوليدۇق.
كيىم-كيچەك يوقيدن،
برمۇنچيلەر توڭليدۇق.

خاڭنىڭ ئاستيغا كرب،
كومۇر بلەن تاش ئالدۇق.
بالىلارنى خىيال قلب،
قارا كوزگە ياش ئالدۇق.

خاڭنىڭ ئاستى قاراڭغۇ،
ماڭالميدۇق يول تيپب.
قوللار قاپيرب كەتدى،
كومۇردەب تاشنى چيپب.

ۋاگون يوليغا بارغيچە،
چاپينەنى سايە ئەتدم.
سنايدا ئوزەم ييتب،
ئاتا-ئانامنى ياد ئەتدم.

ييراق باريمەن ئاتا،
كومۇر كولايمەن ئاتا.
كشينىڭ يۇرتيدا يۇرۇب،
قانداق توزيمەن ئاتا.

ئوزەم خاڭدا ئشلەيمەن،
ئايليغمغا بەش تەڭگە.
كوڭلۇم مۇبتالا بولدى،
تۇگۇمەس ئازاب ـ غەمگە.

قلۇيدن شامال چقسا،
دەرەخ ئيگيلەي دەيدۇ.
يۇرتۇمنى خييال قلسام،
ئوپكەم ئوريلەي دەيدۇ.

دۇتار پەديسى پەدە ـــ
پەديسى غۇلاچ يەردە.
مينى قايدا دەب سوريساڭ،
يۇزۇڭكا ديگەن يەردە.

فايناب تۇرغان بۇلاقتا،
چومۇچ سالسام چوكمەيدۇ.
لاشمانلقدن خەت سالسام،
يۇرتقا بيرب تەگمەيدۇ.

قاتار ـ قاتار قاغيلا،
بارساڭلار سالام دەڭلا.
ميني ئاتام سوريسا،
خاڭدا ئشلەيدۇ دەڭلا.

لاشمانلقتا ماڭغاندا،
پۇتلار تيشيلب كەتكەن.
قزل گۇلدەك يىگتلەر،
خاڭلاردا ئۆلۇب كەتكەن.

ئيتزديكى بوز تورغاي،
باللىريغا دان بەرگەن.
تۇداخۇن جيگەر دوستۇم،
خاك ئاستيدا جان بەرگەن.

يۇزوفكا ديگەن يەردە،
ۋاگونلارنى هايدايمز.
قالغانلار دۇعا قلسۇن،
ئامان بولساق قايتارمز.

كەتمەن بلەن گۇجەك بار،
لاشمانلارنڭ قوليدا.
ئۆلسەك جينيمز فيدا،
كەمبەغەلنڭ يوليدا.

يۇزوفكيغا بارغاندا،
ئشليدۇق كومۇر خاڭدا.
كيچە-كۇندۇز ئشلەبما،
زادى تويميدۇق نانغا.

كيچيلەردە ئشلەيمز،
خاڭلاردا كومۇر تاشقا.
چاپسان بول دەب ئۇريدۇ،
قامچيلار بلەن باشقا.

ئاتا-ئانام سوريسا،
يۇزوفكا شەريدە دەڭلا.
قوليدا كەتمەن گۇجەك،
ئشلەب يۇريدۇ دەڭلا.

كەتمەن بلەن گۇجەكنى،
تاش كومۇرگە چاپيمز.
يار كەتتە ئامان بارمۇ،
بزنى تۇققان ئانيمز؟

يۇزوفكيدا ئشلەيمز،
يەرنڭ ئاستيدا ــ خاڭدا.
خۇدايمغا يغلايمز،
سەحەر ۋاختيدا ــ تاڭدا.

زەمبلدە كومۇر توشۇب،
قوللار قاپيرب كەتدى.
قوساق ئيچى يامان ئيكەن،
بەللەر پۇكۇلۇب كەتدى.

برمۇنچيمز ئشلەيمز،
پوييزدلارنڭ يوليدا.
تولا عازابلار كوردۇك،
زالملارنڭ قوليدا.

قايان بيرشنى بلمەي،
پينزيدا ئۇچ ئاي تۇردۇق.
جاندارما پوليتسييدن،
تۇگۇمەس عازاب كوردۇك.

ئاسمانغا چقاي ئيگز،
بۇلۇتقا سالاي كيگز.
زالملارنڭ كوكسيگە،
سانجييمەن تومۇر بيگز.

قوينۇمديكى توغاچنى،
سيپادان سيلب ياققان.
باي بالليرى ئورنيغا،
بولۇس، بەگلەر بزنى ساتقان.

ناغرا، دۇمباق چيلندى،
يغا ئۇنلەر تارالدى.
ئاۋات بولغان شۇ يار كەنت،
يارات ئايدا بۇزۇلدى.

ئاقسۇدىن بالىلار ماڭغاندا، ئاماننباقى دىگەن قوشاقچىنىڭ
ئېيتقان قوشاقلىرى.

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم،
«دانشمەن» ئەللىك بېشى!
«قىرق يىگىت بىرەى» دەپ
قول قويغان ئەللىك بېشى.

قىرق يىگىت ئاتلانسا،
كورۇنمەس سايىنىڭ تىشى.
لاشمانلىقا ماڭغاندا،
قۇرىمىدى كوزنىڭ يىشى.

لاشمانلىقا ماڭغاندا،
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
تۇرۇق-تۇققان، قېرىنداش،
بىز ئاۋاتتىن ئايرىلدۇق.

قارا ئىتىم تاي ئىدى،
يوغان بولدى ئات بولدى.
لاشمانلىقا كەتكەنلەر،
نىكولايغا خار بولدى.

ئاق كەپتە، چىلان كەپتە،
ئاق بۇغدايدىن دان يەيدۇ.

لاشمانلققا بز ماڭدۇق،
ئاتا ـ ئانا غەم يەيدۇ.

ئويازدن بۇيرۇق كەلدى:
«ئۇچدن برينى ئال» دەب.
كەمبەغەللەر يغلايدۇ،
بولۇسلارغا بارماي دەب.

باينڭ بالليرى قالدى،
بولۇسلارغا پۇل بيرب.
گاداي بالليرى كەتدى،
ييرتلغان چاپان كييب.

ئاتمش بەشچە بالينى،
ئالديغۇ ئلغاب تۇرۇب.
چاپسان بول دەب هايديدى،
قامچيلاب ئۇرۇب تۇرۇب.

ئالتە يۇزچە بالينى،
بر ـ بردن ساناب قويدى.
بولۇسلارنى تلليسام،
زەى ئويگە سولاب قويدى.

لاشمانلققا بار دەيدۇ،
قايسى يەردۇ بلمەيمز.

خوش دوستلار ـ ئاغىنىلەر،
بز ئاۋائتقا كەلمەيمز.

كوپ ـ كوك يىشل پوتامنى،
بىلمغا باغلاب قويدى.
تۇرسۇندەك يالاقچىنى،
يۇز بىشى سايلاب قويدى.

ئاقساقالنى تللىدم،
بزگە قلدى كوپ زورلۇق.
ــ لاشمانلققا بارمايمز،
سىتب ئالغان قۇلۇك يوق.

بالىلار لاشمانلققا ماڭغاندا، ئاتا ـ ئانىلار تەرىفىدن
زارلىنب ئىيتلغان قوشاقلار.

هورۇن باققا گۇل تەرسەم،
ئىچلماى تورزۇب كەتدى.
لاشمانلققا كەتكەن باللار،
ياش تۇرۇب ئولۇب كەتدى.

ماساق تىرب، دان تىرب،
جان ساقلىدۇق هەممىمز.

يۇرتيمزدن يوقالدى،
قايان كەتدى باليمز.

تاش ئاتدم سايغا چۇشدى،
ساينڭ تاشليرى ئۇچدى.
جان بالام، جينم بالام،
قارا كوزۇمدن ئۇچدى.

قارا ـ قارا قاغيلا،
ئيگز ـ ئيگز ئۇچۇڭلا.
مينڭ بالام نەلەردە،
خەۋەر بيرب تۇرۇڭلا.

تام ئۇستيگە تام سالدۇق،
هۇليني يوغان قۇرۇب.
باليليرم بۇرگەندۇ،
مۇڭلۇنۇب، غيرب بواۇب.

ئالتنچي ئاى باهاردا،
ئارا ـ گۇجەك خامالدا.
باللىرمني يادلايمەن،
بر كورۇشكە ئارماندا.

ئوت يىقلدى بۇ جينمغا،
هيچ كشي بلمەس ئۇنى.

خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ،
يانىمەن بالىلار سىنى.

غەيرىتىم چاپ قۇۋۋىتىم،
يېنىمدىكى رۇستەملىرىم.
سۇ قۇيۇپ تەربىيە قىلغان،
باغدىكى بوستانلىرىم.

ئات ۋە هارۋۇلار بىلەن،
ماڭدىلەر قىرغىز سايىغا.
تاغ، دېڭىز نىتەيدىغۇ،
قومى-قېرىنداش زارىغا.

خوشلۇشۇپ قالدى سىلەردىن،
ئافسۇ، كەتمەن تاغلىرى.
ئۇزۇلۇپ كەتتى قولۇمدىن،
بۇ يۈرەكنىڭ باغلىرى.

بۇ يۈرەك قاينايدىغۇ،
ئوت ئۈستىدىكى چەينەكدەك.
ئارقاڭلاردا بىز قالدۇق،
كاككۇك بىلەن زەينەپدەك.

ئەندى مەن قانداغ قىلاي،
بۇ يىگىتلەر بەختىنى.

ساخلىغىل ئاللا كىرم،
ئوت ئچىدە پاختىنى.

بايلار غەم قايغۇ قلماس،
بارچىسى ئۆيدە يىتىپ.
قايتىپ ئالدى باللىرىنى،
بەءزىسى بەگدن سىتىپ.

بىچارە بۇ باللىرمنك،
تىپىبلارمۇ خۇشلىغى.
باغدن ئۇزۇپ گۇلنى بەرگەن،
ئوزىمزنك بوشلىغى.

توپلۇشۇپ كەندى ئۇچۇپ،
تاغۇ-سەھرا چوللىرى.
چىنىگە ئىلىپ قويۇپ،
قسماى كەتكەن گۇللىرى.

كەلمىگەن مۇنداغ بالا،
كورمىگەى ئاتا، بوۋا.
قومى-قىرينداش قلسۇن دۇعا،
يوقدۇر بىلەك مۇندن داۋا.

نائىلاج ياشلىرمنى،
كورگىلى بولارمىكن.

تەندە ئامانەت تۇرار جان،
سەن كەلگىچە تۇرارمىكىن.

بۇ قېرىلار ئېزىلىپ،
ھەر قەدەمدە مەڭ جاپا.
رەھىمسىز بۇ بەگلەردىن،
ھېچ ۋاقىت كورمەس ۋاپا.

يار بويىدا بەش ئودەك،
بەشىلىسى بىر خالدەك.
لاشمانلىقتا كەتكەن باللار،
توزۇپ كەتكەن قىزىل گۇلدەك.

ئىگىز دوڭگە ئوى سالدىم،
قۇم چوگۇنگە چاي سالدىم،
لاشمانىدىكى باللامغا،
پوچتا بىلەن خەت سالدىم.

ھەممىسىنى قىلىپ يۇرگەن،
ھاجى بولۇس ئەمەسمۇ؟
ئۇ دۇنياغا بارغاندا،
خۇدا جاجىسىنى بەرمەسمۇ؟

يۇقارقى گىزەرمىگە،
سولاپ قويدى باللامنى.

قانداغ تاشلاپ كيتەرسەن،
يىتم بالام ئاناڭنى،

ئون ئالتنچى يىلىدا،
مالاي بولدۇق ھەممىمز.
بالىلاردن ئايرىلىپ،
قانداغ كۈنلەر كورىمز.

ئالمىلار پىشىپ قالدى،
يىشىل باغلار ئچىدە،
ئامان يانغىن سەن بالام،
يالغۇز ئاناڭ بەختىگە.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ ئۈزۈك،
سول قولۇمدا سول ئۈزۈك،
بالامدىن ئايرلغىچە،
ئۆلۈپ كەتكىنىم تۈزۈك.

يۈز بىشىغا يغلىساق،
سوزگە قۇلاق سالمايدۇ.
ماندا غ قىينچىلقدا،
باللار ئامان يانمايدۇ.

تەمبۇرەمنى چىكىمەن،
كۈندە يغلاپ، ئاخشا ئېيتىپ.

ئۇخلاپ يىتىپ يىغلايمەن،
قادىر جاننى ياد ئېتىپ.

چىغلىق تىكەن ئىچىدە،
قۇمدىن تولا ئاق توشقان.
بۇ قوشاقنى قوشماندۇق،
دەردكە پايلىماي قوشقان.

## نازۇگۇم بلەن باقى بيگننك

## قوشاقليرى

باقى بيگت ـ ئالتاى باقدم قويۇگنى،
بر كورميدم بويۇگنى.
بر كورميسەم بويۇگنى،
بورى قرسۇن قويۇگنى.
قويچى بولماس ئەر ئيدم،
قويچى قلديڭ سەن نازۇك!
دوقنى بلمەس ئەر ئيدم،
دوقچى قلديڭ سەن نازۇك!
قايناب تۇرغان قاينامغا،
قارماق سيلب باققان يوق.
ئالتى ئاى يۇرۇب ئارماندا،
بر بويۇگنى كورگەن يوق.
ئال بويۇگنى كورۇشكە،
قويچى ئاكاڭ ئارماندا،
نازۇگۇم دەب ئسنەيدۇ،
دەردلك كوڭۇل ئارقاڭدا.

نازۇگۇم ــ سەن سېغىندىڭمۇ مېنى؟
باقى يىگىت ــ خويما سېغىندىم مەن سېنى!
نازۇگۇم ــ سەن نە يېرگىدە سېغىندىڭ؟
باقى يىگىت ــ مەن جىگەرمدە سېنى!
نازۇگۇم ــ سەن مېنىڭدىن سورىمىغىن،
كورگىل چرايمدىن ئېنى.
سەن مېنىڭ باقىم ئېسەڭ،
دەردىمنى بىلگىنىڭ قېنى.

باقى يىگىت ــ كۈندە كورمىدىم يارنى،
كۈنىدە كورەمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئولمىسەم سويەمەن دەپ.
ئالتىنچى ئاى كرگەن چاغدا،
ئارا ـ گۈجەك خاماندا.
نازۇك يارنى كورۇشكە،
باقى يىگىت ئارماندا.
نەچچەن كۈن بولۇپ كەتدى،
نازۇك يارنى كورمىدىم.
تەقدىر بولسا كورەمەن،
تېخى ئۈمىد ئۈزمىدىم.
ئالدىمدىن چىققان بىر تۈغ،
نازۇك يارنىڭ ئايغىغى،
كوكۈلگە كەلگەن تۈيغۇ،
ئامراق كوكۈل بارغىغى.

## ئايغاقچى بلەن ئۇچرۇشۇش

باقى يىگت ــ نازۇك يارم ئامانمۇ،
ئايغاق دوستۇم ئيىتساڭچۇ؟
ئايغاقچى ــ نازۇك يارڭ ئامانلۇ،
سويۇنچەڭنى بەرسەڭچۇ!
بۇگۇن نازۇك ئويىدە،
ئلدام بيرب يەتسەڭچۇ.
باقى يىگت ــ ئانداغ بولسا مەن باراي،
مەندن خەۋەر ئيىتساڭچۇ.

نازۇگۇم ــ نازۇك قولۇم باغلاندى،
خەلق - عالەمگە ئاڭلاندى.
بى ۋافاسەن يار ئۇچۇن،
يۇرەك - باغرم داغلاندى.
باقى يىگت كەلسەڭچۇ،
يۇرەك - باغرم باسساڭچۇ.
بى ۋافالق قلماسدن،
ئەندى ئيلب قاچساڭچۇ.

باقى يىگت ــ نازۇك جينم ئيب قاچاي،
ئاغى بولسا ئيىتساڭچۇ!

نازۇگۇم ــ بۇگا ئاغى شۇ بولۇر،
يايلاق خەلقى جم بولۇر.

قاچقان باشدا مۇڭ بولۇر،
موككەن جايلار بۇك بولۇر.
بز گيتەرمز بۇ يەردن،
بارغان كەلمەس دىياغا.
ئانام، ئانام مۇڭ قالۇر،
كوكۇللىرى دوق بولۇر.
ئستەكچىلەر جق تولۇر،
بز بۇ يەردن كەتكەنلە.

باقى بيگت ــ ئچەيلم خۇما تايلم،
هەم كەيفمدن ئايرلدم.
ئوك قولۇمدا پەلىيم،
شۇڭقارمدن ئايرلدم.
بارامسەن ديگەن يارم،
يانامسەن ديگەن يارم،
سەن مينگدن ئايرلساڭ،
ئولەمسەن ديگەن يارم.

نازۇگۇم ــ تاغدن چۇشكەن ساف سۇنى،
سۇزۇب ئچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشقا مۇڭ چۇشدى،
ئيلب قاچار ئەر بارمۇ؟

توۋەن چۇشمەم، ئېگىشمەم،
ئالتۇن تاقام كۈمۈچدن.
بۇ جينمدن ئۈميد يوق،
ئيمان بەرسۈن بيهشدن.

توگيلەر پاتۇر ئويماندا،
باش بويليسى بوينىدا.
مەن-مەن ديگەن نازۇكنى،
دۈشمەن ئالماق كويدا.

هاۋا تۇتۇلۇب چقدى،
قار-يامغۇرلار ياققيلى،
قانداغ چاغدا تورەلدم،
بار دەرد بولسا تاتقيلى.

دارن ئويى زينەتلك،
مينڭ يارم سواهتلك،
ئۇ-باقيدن باشقا يوق،
نازۇك بلەن هەم دەردلك.

باقى ييگت-نازۇك كوڭۈل قسلما،
تۇتقۇن مەن دەب پۇشۇنما.
سينڭ نەركڭ ئوزەڭدە،
باقى تۇرار سوزيدە.

توگیلەر چاینار تال بیشی،
بۇ جاییڭز یار قیشی.
باقی ییگت ئامرافنىڭ،
نازۇك كوڭۇل سردیشی.

نازۇگۇم ـ نازۇك ئوزی تۇتقۇندا،
باقی كوبەر ئۇچقۇندا.
مەن نازۇكنىڭ دەردیدە،
غیرب ئاغام پۇشقۇندا.

تاغدن چۇشكەن تورت ئاتلق،
تورتیلیسی بوز ئاتلق.
تورت ئاتلقنىڭ ئچیدە،
مینىڭ ئاغام سومباتلق.

قایناب تۇرغان قازانغا،
چومۇچ سیلب باققان یوق.
ئالتای ییتب قومۇشدا،
تەكییە قویۇب یاتقان یوق.
ئالتی ئای یاتدم قومۇشدا،
قومۇش ئاربلاب كۈن چۇشدی،
مەن نازۇكنىڭ بیشیغا،
تاغدن ئیغر مۇڭ چۇشدی.

توگیلەر ئاغزی قامقاقدا،
یالغۇز ئاغام قالماقدا.
ئىنسافسز بەد قالماقنىڭ،
قەسدی مینی ئالماقدا.

بۇلبۇل قۇشنی سولاب قویسا،
ئالتۇن بالداق قەپەزگە،
كوڭلی ئىنىڭ ئارام تیپب
قاچماق ئویینی قویارمۇ؟
مۇڭلۇق بولغان غیرب نازۇك
ئامراغیغا یانمیسا،
نازۇك كوڭلی ئامراغیدن،
بردەم نیری بولارمۇ؟
نازۇك باشنی تۇتقۇن قلسا،
كوڭلی ئىنىڭ تۇتقان یوق.
ئامراق ئۇچۇن قۇربان بولسا،
نازۇك باشدا ئارمان یوق.

## ياقۇب بەگ توغرلۇق ناخشا

تەيفۇلارنڭ ئاۋازى،
تەي تللادا پەرۋازى،
خوتەن شەھيرىنى ئالغان،
ياقوب بەگنڭ سەربازى.

ياقۇب بەگنڭ سەربازى،
ئالتى شەرگە جق تولدى.
شاھى بلەن ئارچن بەل،
شىرن جانقا مق بولدى.

ياقۇب بەگدك ئەر بارمۇ؟
مانداغ سالغان شەر بارمۇ؟
ياقۇب بەگ چقب كەلسە،
دۇشمەنلەردە جان بارمۇ؟

ئايا سەربازلار،
حازر بولۇڭلار.

دۇشمەنلەر كيلب قالدى،
باتۇر بولۇڭلار!

ياقۇب بەگ ئوۋغا چقدى،
منگەن ئيتى بورغا چقدى.
ياقۇب بەگ ئولۇب كيتب،
بەش كۆنلە غوغا چقدى.

بيگى شەرنڭ ئشيگى،
گاہى ئيچيلب، گاہى ييپيلۇر.
ياقۇب بەگدەك پادشاه،
ئەندى قايدن تيپىلۇر.

ئاسماندىكى فيرشتە،
حۇرلار تونين كيىشتە.
يغليماڭلار ئاييملار،
ياقۇب بيگم بيهشتە.

ئاقسۇ كاۋيسى دەمسز،
سورۇن يەرنى خاھلايدۇ.
قەشقەرنڭ عيد يزليرى،
ياقۇب بەگنى خاھلايدۇ.

بيجندن ختاى كەلدى
چشلىرينى هڭگ يتب،

بەگ-غوجام قوپۇب قاچدى،
قۇيرۇغىنى دىڭگايتىب.

قەشقەردە شىھىت بولدى،
ياقۇب بىگىم-بەدۆۋلەت.
ياقۇب بەگدىن ئايرىلىب،
خەلقىمگە يەتدى مىھنەت.

ياقۇب بەگ عادالەتلىك،
خەلقلەرگە فايەتلىك.
ئەندى قايدىن تىپپىلۇر،
ياقۇب بەگدەك دۆۋلەتلىك.

ياقۇب بىگىم جەڭ قىلغان.
دۇشمەنلەرنى تەڭ قىلغان.
عەسكەرنىڭ نامىينى،
ئالتۇن-كۈمۈش رەڭ قىلغان.

ياقۇب بەگ ئوزى باتۇر،
دۇشمەنگە تەڧەك ئاتۇر.
ئولگەن خىتاينىڭ بىشى،
سايىنىڭ تىشىدەك ياتۇر.

ياقۇب بەگ يۈرۈر خاندەك،
يۈزلىرى تولۇن ئايدەك.

ئاھو كوز قەلەم قاشلق،
كرفكليرى بوستاندەك.

ياقۇب بەگ كيرە كلكدۇر،
ئۇرۇشقا يۇرە كلكدۇر.
دۇشمەنلەرگە ھەر دائم
قليچى بلە كلكدۇر.

ياقۇب بەگ ئوزى ئۇبدان،
ئالتى شەرگە بولدى خان.
ياقۇب بەگنى ئولدى دەب،
ئاقسۇغا كەلدى تۇشكان.

ياقۇب بەگ ئولگەن ئايدا،
بەگ-بەچچە قارا كيدى؛
ئەندى كەلدى عەقليگە،
دۇشمەنلەر ئشنى بلدى.

## كوچمەلەر ناخشيسى

بۇ يولدا تولا ميكْب،
پۇتۇم قاپيرب كەندى.
ھارۋۇغا چۇشەى ديسەم،
ئوكۇز ئالديراب كەندى.

بۇ يولدا تولا ماكْدم،
بۇ يول مينك يولدۇشۇم.
هيرب-ئيچب كەلگەندە،
سۇ بەرگەن قيرنديشم

خونخاى يوليدا تاللار،
هەر تاللاردا ماجانلار.
سۇيدۇك شەريدە ئشلەب،
ئيقب كەتدى بۇ جانلار.

خويما خار بواۇب كەتدۇك،
سۇيدۇك شەريدە ئشلەب،

يار خالنا ئەۋەتپتۇ،
بر توغاچينى چشلەب.

چيلەك-چيلەك دەيديكەن،
ماختيغانچە يار چيلەك.
كەلگەنچە ياياق كەلدۇك،
كەلميگەن شۇ پيلەك.

چوللەرگە چقب كەتسەك،
چولنڭ بوريسى باردۇر.
كوچمەن كوچكەن ئەللەرنڭ،
قيرى-چۈريسى باردۇر.

كوچمەن كوچكەن ئادەملەر،
قلۇيغا قاراب ماڭدى.
كوچمەي قالغان ئادەملەر،
خنايغا قاراب قالدى.

ئوسەككە باراrمز دەب،
تارانچى خيال قلدى.
يار كەنت ديگەن يەرلەرگە،
كوچۈب بارغانلار بولدى.

يار كەنت ديگەن يەرلەردە،
قارا ياغاچ كوپ ئيكەن.

غېربلق ئەسەر قلسا،
خەلق دەردلك بولار ئيكەن.

كەتمەيمز ديگەن بلەن،
خنايلار كيلب قالدى.
ئاق پادشاهدىن غۇلجينى،
سوقۇشماي سوراب ئالدى.

ئوسەككە بارارمز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياندۇق،
ئوي-جاييمز پۈتكيچە،
تام تۈۋليريدە ياندۇق.

ملك جافا بلەن سالغان،
قالدى باغۇ-بوستانلار.
جاييمزدن ئايريلب،
ئچدە قالدى ئارمانلار.

ييگى مابور يەر بەرمەس،
پول ئۈستيدە تۇرغۇزماس.
باشقا قاتتق كۈن چۈشدى،
بەش خولۇقدن يەر تەگمەس.

## باياندای ئۇرۇشی

جاڭجۇڭ دیگەن چوڭ ختای،
باياندایدا یاتالمای.
قورشاب ئالغان لەشكەرگە،
تۆمبەل بونی ئاتالمای.

مەككەم ئیكەن سیپیلی،
بۇلار تۇردی تاپالمای.
ئانداغ مەككەم سیپلنی،
قورشاب تۇرغان لەشكەرلەر.
باياندایغا كرشكە،
قلالمیدی ئیپبنی.

جاندن كەچكەن یارانلار،
فیدا قلب جینینی.
دەرۋازینی یاندۇرسا،
باغلاب ئالدی سیپلنی.

قالدی عەسكەر قایغۇرۇب،
باتۇر سادر خاكرۇق،
قولغا ئالدی تیششنی:

— يەر ئاستىدىن تيشەيلى،
دورا بلەن ئوت ياقاى،
ۋەيراڭ بولسۇن سيپيلى.

مەسلەنيمزدۇر شۇنداغ،
سيپىللەر كوككە ئوچدى.
ئاندىن لەشكە بۇگۈرۇب،
دۇشمەنلەرگە تىغ ئۇردى.

ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى،
ئككى ياقنىڭ ئولىگى،
سيپل بلەن تەڭ بولدى.
قۇۋۋەت تاپدى قۇزغۇلاڭ،
دۇشمەن بولدى بر تەرەف،
لەشكيريدىن ئايرلدى.

جاڭجۇڭ باشلىق چوڭلىرى،
تورت ئشككە يۇگۇرۇب،
بۇلار باردى ئالديراب،
هەم ئولۇمگە ئۇلگۇرۇب.

شۇ كۇنيلا سەك هازار،
بر-برينى چيپشدى.
تالقان بيگەن تارانچى،
نەعمەتلەرگە يىتشدى.
ئازاد بولۇب خىتايدىن،
مۇڭلىرينى ئيتشدى.

---

## كيگەن ئورۇشى

سارى جازغا يەتكەندە،
چوب قاليدۇق ئوچاقفا.
دارن بزنى پالايدۇ،
خەت كەلمەيدۇ بۇچاقفا.

كۇرەدن چققان هارۋۇ،
يانبۇلاقفا ياماشدى.
مەن يۇرتۇمغا قاريسام،
يىغا ماڭا ياماشدى.

ئاخشيمى قاراڭغۇدا،
غيجەك سوقيمز تاق-تاق.
نيمە تاپيمەن دەيسەن،
مەخپر شاڭ بيگى پاختەك.

توقيلەك بلەن شاكر،
بر كييك ئيتب كەلدى.

ساری جاز دیگەن یەرگە،
تومۇرشا ییتب کەلدی.

جێلاب بەرگەن ئۇنیدن،
ئیتب ئچیەز ئاشنی.
بۇیریسا کورەرمزمۇ،
ئاتا-ئانا قیرنداشنی.

پالۋاننڭ منگەن ئینی،
چۇشکەن یەردە ئیغینار
بیچاریمۇ پالۋانلار،
بالیلیرینی سیغینار.

# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

## ١. يائاللا ئيشائاللا ساقليغۇچى ئىگەم بار ناخشىسى

ئەھمەد خان خوجام بانۇر،
ئاق بۇزئات مىنىپ كەلدى،
شەھەرگە كىرىپ لەشكەر
دۈشمەنلەرنى ئولتەردى.

چەنپەنلەر قىيچىپ كەتتى،
شىيبىيگە قويۇپ ئوتنى،
ئوت قويۇپ يىقىندۇق بىز،
خىتاي ياسىغان بۇتنى.
يائاللا ئيشائاللا، ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

تۇڭگانىلار خوخەكزە،
بىلله شەھەرگە چۈشدۈك،
ئۈسسىزلىقتا چىدالماي،
قۇدۇق سۈيىنى ئىچدۇك.

تولجيلارنى ئالدۇرماي،
توساپ تۇردى بزلەرنى،
ئەھمەدخان خوجام چابدى،
ئيلپ چققان قزلارنى.
يائاللا نيشائاللا، سافليغۇچى ئيگەم بار.

تالاي يەرگە ئوت قالاپ،
بر كيچە تۈنەك قلدۇق،
ئەھمەدخان خوجام كەلسە.
پۈتينى تاۋاپ قلدۇق.

ختاينى ئيلپ كەلدى،
شى دارين ديگەن باشلاپ.
ختايلار قوپۇپ قاچدى،
ئوق دوريسينى تاشلاپ.
يائاللا نيشائاللا، سافليغۇچى ئيگەم بار.

## ٢. گۈل مەعشۇق ناخشيسى

گۈل مەعشۇق مينك يارم،
ئشيكيدە تۇرامدۇ.
بيرب سوراڭلار ياردن،
مينك بلەن ئوينامدۇ.

هاۋاديكى لاچننى
تور بلەن تۇتاى دەيمەن،
مەعشۇقۇم چرايلقنى،
سۆ بلەن يۆتاى دەيمەن.

يارنڭ باغى بار ئيكەن،
باغيدا ئانار ئيكەن،
يا نغۇز دەب كوكۇل بەرسەم،
بولەك يارى بار ئيكەن.

ئورۇلسەم تكەن ئاللا،
چورۇلسەم تكەن ئاللا.
سەندن ئوزگينى ديسەم،
باغرمغا تكەن ئاللا.

بارايلى ديمەبميلم،
يانايلى ديمەبميلم.
شەرتيمز قزل ئالما،
چشليشب ييمەبميلم.

گۆلنى قانار ئوينايلى،
هيچ كمەرسە تۆيميسۇن،
كمنڭ مەيلى كمگەدۇر،
قويۇب بيرك ئوينيسۇن.

كيتب باريسەن يارم،
قاچان كيليسەن يارم،

سينڭ كەلميگـڭ مۇشكۆل،
بيرب كوريمەن يارم.

مەن بارايميكن ئاندا،
يار كيلەمديكن مۇندا،
يارغا يار كيرەك بولسا،
قول سيلب كيلەر مۇندا.

يار كەندى يۇقاليشب،
مندم ئاتنى ياۋيداق،
يار ئەندى ياقماس بولدى،
فەلەك يانديمۇ قانداغ.

فەلەك يانسا يانغاندۇر،
يينيما كيلەمديكن،
كۆڭلۈمديكى يارمنى،
خۇدايم بيرەمديكن.

يار دەرديدە ئاۋارە،
بولدى جگەرم پارە،
ئۆزەڭ بليسەن يارم،
بۇ دەردكە نيمە چارە.

ئيتيڭز توسۇن ئيكەن،
سۆندۇردى ئيگەرمنى.
ئاتام بولسا ئالۇر ئيدم،
كونا يار جگەرمنى.

## ٣. خان لەيلۇن ناخشىسى

مەن مۇندا ناخشا ئېيتسام،
سەن ئويۇڭدە ئاڭلايسەن.
سەن ئۇزەك جۇگان خوتۇن.
قاچان قىزغا ئوخشايسەن.

ناخشا ئېيتىمەن بىلەن،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
بەش كۈنلۈك بۇ ئۆمرۈمنى،
ئۆتكۈزەي سىنىڭ بىلەن.

غانجۇغامدا ئاغامچا،
ئۆردۈم سالمىنى ئاتقا،
سەن مىنى دىسەڭ يارىم،
كۆڭۈل بەرمىگىل ياتقا.

يىراقتىن چۇشۇپ كەلگەن،
بىر يالغۇز قارا قالماق.
يارىم مەندىن ئايرىلسا،
يۈرەككە پىچاق سالماق.

ئام تۇۋىدە ئولتۇرۇپ
ئام باستىمىكىن يارنى،

چرايى ساغيرب قابتۇ،
غەم باستيميكەن يارنى.

دەرديڭنى ماڭا ئېيتساڭ،
سىنىڭ ھالىڭغا مەن يەتسەم،
ئوزەمنىڭ تىلىكىدە بولساڭ،
چول-ياۋان ئىلىب كەتسەم،

ئويۇم يار بويىدا بولسا،
ئاغزىم بىلەن يەم بەرسەم.
غېقىدە ساقلىغان يارنىڭ،
قۇچىغىدا جان بەرسەم.

قاناتىم بولسا مەن ئۇچسام،
يارىم بار مەلىگە چۈشسەم،
ياتار جايىنى مەن بىلسەم،
ئىچىب مەن قوينىغا كىرسەم.

ئوزەم ھاۋادىكى قۇشىدەك،
كىردىم چاگىنا ئىزغا،
بىر ئالمىنى خالتا بيرەي،
ئىتى مىھرىبان قىزغا.

ئىتى مىھرىبان قىزنى،
ئالسام ئارمىنىم يوقتۇر،

سويگەن يارنى ئالميسام،
ئوزگە لاييقم يوقدۇر.

قيشيڭىز قارا ئيكەن،
هويليڭىز ساراي ئيكەن.
مەن ئاخشام باراي ديسەم،
دۇشمەنلەر مارايديكەن.

ئاۋۋيليدن بار ئيكەن،
عاشققا قاراپ تۇرماق،
كيلڭ يارم ئوينايلى،
حەددىمۇ ماراپ تۇرماق.

ئشك كەينيدە تۇرۇپ،
يۇچۇغيدن قارايدۇ،
خولۇم-خوشنيسى ئولا،
كۆندە كيلپ مارايدۇ.

قلۇيدن شامال چقسا،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ.
خولۇم-خوشنيسى دۇشمەن،
كمدن بزنى سورايدۇ.

## ٤. گۈللەيلۈن ناغشيسى

چۈلۈقاينك غولليرى،
يانتاقلاق تونۇن ئيكەن،
بزنى مۈنچە كويدۈرگەن،
قاراقاش خونۇن ئيكەن

ئيگز تاققا مەن چقب،
بول تيپب چۈشەلميدم،
چرايگغا كويدۈم مەن،
عەقلگگە ئشەنميدم،

بيليگزنى باغلابسز،
ئزميگزنى ئەتمەبسز،
بيشيمزغا كۈن چۈشدى،
حاليمزغا يەتمەمسز،

ئچمەيمەن هاراقنى،
تۈتقينگغا هاشگاللا،
عاشقسز يۈرەلمەيدۈ،
ييگى ئوسمە ياش باللا.

عاشق بوليمەن دەيدۈ،
جانغا كويسە بولمامدۈ،

ئادەم بالىسى تولا،
نەدرى بلسە بولمامدۇ.

ئچمەككە هاراق ئاچچق،
ئچكەندىن كيىن تاتلق،
ئاغزىدا ناۋات بارمۇ،
سويمەككە جۇگان تاتلق.

يارمنڭ ئيتى ئايخان،
ئاڭا كويۇدار بۇ جان.
كوڭلىگە ئازار بەرمەڭ
خۇش-خۇيى تولا ئۇيدان.

قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
يارم كوزىدە ياش بار،
يار كوڭلى بولەك ئيكەن،
باغرىدا قارا تاش بار.

قاشىڭز قارا ئيكەن،
كوزىڭزگە كويدۇم مەن،
تلىڭز تاتلق ئيكەن،
لىۋىڭزگە سويدۇم مەن.

قيشنڭ ئەسلى قارادۇر،
هوسما قويغىنڭ يالغان.

مەن كويسەم ساڭا كويدۇم،
سىنىڭ كويگىنىڭ يالغان.

قوش تېرەك ئاراسىدا،
قول ئالغىنىڭىز قېنى،
ھەرگىز ئايرىلماسمىز دەپ،
قىلغان ۋەدىڭىز قېنى؟

تۇغۇلغاندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
جان باغ-باغ ئېتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى-قارنى،

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
ھەم تۇمان بىلەن مانان،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
ھەم ئاتام بىلەن ئانام.

## ٥. مەستانە يارىم ناخشىسى

جىرغىلاڭنىڭ غوللىرى،
تارام-تارام كېچىكى،
جىرغىلاڭدىن بىر قىز ئالدىم،
قىزىل ئالما چىچىكى.

مەن ئۆزەم ھاراق ئچەرمەن،
ھاشيخان داڭلق بلەن،
ئاچچيغى كەلسە ئۇرادۇر،
قەليقەى ياغلق بلەن.

كەت! ــ ديسەڭما كيتيمەن،
كەتمە! ــ ديسەڭما كيتيمەن.
ئاريدا ئككى قونۇب،
يارم قيشيغا ييتيمەن.

ئاھ يارم تاڭلا كيلڭ،
تاڭلا تاڭ ئاتقاندا كيلڭ،
ئۆزەم ئايۋاندا ياتارمەن،
ئالميلق باۋقا كيلڭ.

شۇ كورۇنگەن قاراباغ،
ميڭ يارمنڭ باغيدۇر.
ديپپينڭ ئۆنى كيلۇر،
ديدار كۆرۆشمەك قايدادۇر.

مەن سيرق نمجان سيرق،
سارغايغينمنى كم بلۇر،
سارغييب ئشكدە تۇرسام،
ميهريبان يارم بلۇر.

مەن بلۇرمەن سينى مەن.
كۆڭلۈك ماڭا مايل ئەمەس،
ئولتۇرۇب قان يغلىسام،
سەندن مۇراد حاسل ئەمەس.

سەن ترك دەمسەن مينى،
مەنغۇ ترك ئولگەندۇمەن،
ترك ئايرلغان يارمنڭ،
ئوتيدا كويگەندۇر مەن.

گۈلمۇ خوب غۇنچەمۇ خوب،
ئيچلدۇرۇب قسقانمۇ خوب،
چوڭ بولۇب دەرد تارتقيچە،
كچك تۇرۇب ئولگەنمۇ خوب.

ساي بلەن يۈگرەب ئيدم،
سايدى ئاياقمغا تكەن،
نيمە دەب يۈگرەب ئيلم،
يارم ماڭا باقماس ئيكەن.

كورمەين باستم تكەننى،
تارتادۇرمەن دەردينى،
كورسەم ئەردم، باسماس ئەردم،
تارتماس ئەردم دەردينى.

## ٦. نازۇگۇم ناخشىسى

توگىلەر يانۇر قامقاقدا،
بر ئاغام بار قالماقدا،
ئنسافسز بەد قالماقنڭ،
قەسدى مىنى ئالماقدا.

تاغدن چۈشكەن نورت ئاتلق،
نورتىلىسى بوز ئاتلق،
نورت ئاتلقنڭ ئچىدە،
مىنڭ ئاغام سۈمباتلق.

تاغدن چۈشكەن لاى سۇنى،
سۈزۈپ ئچەر ئەربارمۇ،
نازۇك باشقا كۈن چۈشدى،
ئېلىب قاچار ئەر بارمۇ؟

ئۈچ كۈن ياتدم قومۇشدا،
قومۇش ئاريلاب كۈن چۈشدى،
مەن نازۇكنڭ بېشيغا،
تاغدن ئېغر مۈڭ چۈشدى.

نازۇك قولۇم باغلاندى،
ئولتۇرمەككە چاغلاندى،

فەشقەرديكى يارمغا،
يۇرەك باغرم داغلاندى.

قايناب تۇرغان قازانغا،
چومۇچ سيلب باققان يوق،
ئالنى ئاى ياتدم قوەۇشدا،
تەھيبە قويۇب ياتقان يوق.

## ٧. ئانارخان ناخشيسى

دۇتار چيلب ئولتارسام،
خيياالمغا سەن كەلدڭ،
دەردڭ بولسا ئيبيت يارم،
مۇڭداشقينى مەن كەلدم.

جان دوستۇم، جينم دوستۇم،
خۇش كەلدڭ بۇيانمغا،
يار دەردى مۇنداغ بولسا،
دورا يەى بۇ جانمغا.

دەردى تولادۇر يارنڭ،
كۈڭلينڭ ئارامى يوق؛
ئويناب ئاليلى يارم،
بۇ ئشنڭ ياماني يوق.

مەن بىدەردى غەم بولدۇم،
غەمگە مۇبتالا بولدۇم،
بر كورۇب جامالڭنى،
ئاشق بىقارار بولدۇم.

يارمنڭ قارا ساچى،
چۇشۇبدۇر ياڭاقىغا،
يارمنى سويۇب قويۇب،
ئولەيمۇ تاياقىغا.

ئوگزىگە چقب تۇرسام،
چا توخۇ پالاقلايدۇ.
قزىنى سويۇب قويسام،
ئانىسى ۋالاقلايدۇ.

يارم كىبلەدۇر قاراب،
سۇنبۇل چىچىنى تاراب،
مەن يارغا نىمە قلدم،
يامان كوز بلەن قاراب.

قوغۇن تىرىدم تۇزگە،
هەم يازغا ۋە هەم كۇزگە،
سىنى ئارزۇلاب تۇتسام،
چقمايسەن تالا تۇزگە.

قيشم تارتيدۇ مينك،
قەشقەردن يارم كيلۇر،
ئوزى كەلميسە يارم،
خۇش خەۋەر سوزى كيلۇر.

ئاخشى ئيتيدۇ دەيدۇ،
ئيتماي نە قلاي ئاخشى،
ئچمديكى دەردمنى،
خيال قلميسام ياخشى.

ياخشى ئاننى منگەندە،
براقدن كيلۇر تووشى،
ئاخشى ئيتسا يار كەلمەس،
ئەسلى بر كوڭول خۇشى.

قاشنك قاريسى سەندە،
ئاي ئۇزۇڭگە مەن بەندە،
چلليغاندا كەلميگەن،
ئۇزى قارا شەرمەندە.

يار بولسا ئۇزۇك بولسا،
بەش قوليدا ئۇزۇك بولسا،
هەم مەڭزى قزل بولسا،
هەم تەختى سۇزۇك بولسا.

گۇل غۇنچە گۇلى غۇنچە،
نیمە كوبدۇریسەن مۇنچە.
قیشمدا تۇرمیدڭ بۇ دەم،
مینڭ كوڭلۇم ئیچلغۇنچە.

گۇللەر ئیچیلب قابتۇ،
تاغ باغریدا لەیلیلە،
بزگە باڭلیشای دەبتۇ،
ئچی كویگەن ئاغینیلە.

یار ئشیگیدە تۇرسا،
چڭ مودەن ئیچلغاندەك،
یار بلەن یاتارمەنمۇ،
سوعا سو قوشۇلغاندەك.

یارڭ بیغی بار ئیكەن،
بیغیدا ئانار ئیكەن،
یالغۇز دەب كوڭۇل بەرسەم،
بولەك یاری بار ئیكەن.

## ٨. ئویناڭ تورەم ناخشیسی

قولیدا چیكم یاغلق،
یار كەتدی یوقالیشب،

بر ساعەت ياتارمەنمۇ،
يار بلەن قۇچاغلىشب.

قارا كۆزۈڭدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشم بار،
خونۇخايىغا بارمايمەن،
چوقۇردا ئاداشم بار.

يارم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى ئۈچ بولەك ئيكەن،
مەقسەدكە يەتكۈزمىگەن،
عەجەب كاژ فەلەك ئيكەن.

لۇف-لۇف ئيتەدۇر كوڭلۇم،
يار قىشىغا بارغىلى،
ليۇيگە سويۇب قويۇب،
تەننى تازا قلغىلى.

كوڭۇل بەرمىسەم يارغا،
ئوق تەگمەس ئيدى جانغا،
كوڭۇلنى قويۇب بيرب،
يۇرەك ئوريلۇر قانغا.

جان ئچيدە جانان قز،
جانغا ئوتنى ياققان قز،

قاشلیری ئۇنڭ مەجبۇب،
ساچلیری سۇلایمان قز.

قیشقنڭ قاراسیغا،
خال بولای ئاراسیغا،
ئەسلا کەلمیدی رەحمڭ،
کەمبەغەل بالاسیغا.

مینی یارم چللایدۇ،
بارسام ئیری تللایدۇ،
باغنڭ ئچیگە کرب،
ماڭا بیقب یغلایدۇ.

## ٩. بیۋافا نادان یارم ناخشیسی

ئوینابقنا تۇتۇب قویسام،
تیریکب قالای دەیدۇ،
دەردینی تولا تاتدم،
نیمشکە کوتەرمەیدۇ.

بیۋافا ئیکەن یارم،
کوپ جافانی کم بلدی،
ئاخیری جۇدا ئیکەن،
ئایریلشنی کم بلدی.

ئۇ قاتغا ئوتەرمەن دەب،
بۇ قاتدا قونۇب قالدم،
ئۈچ كۈندە بارارمەن دەب،
يالغانچى بولۇب قالدم.

غانجۇغامدا ئاغامچى،
ئوزەم قانتق ئالۋاڭچى،
قولۇمدا پۇلۇم يوقدۇر،
مەن يارمغا يالغانچى.

كيتب بارغان ئايلامنڭ،
چيچى .ئۇلاق ئوخشايدۇ،
ئشارەتنى بلمەيدۇ،
ياغاچ قۇلاققا ئوخشايدۇ.

قزل ئالما قزارغاندەك،
قزل ئۈزلۈگۈم يارم،
ئاغزيدا ناۋات بارمۇ،
شيرن سوزلۈگۈم يارم.

هاۋالار تۇمانلابتۇ،
ئلقيلار قۇلۇنلابتۇ،
ئالتۇن قارا كوز يارم،
نيميدن يامانلابتۇ.

ئشيكىدە ئانار گۈل،
ئات باغلابتۇ ھەمراقۇل،
يار مەندىن يامانلابتۇ،
مەن يارىمغا ئاماقۇل.

## ١٠ ئاه يارىم ئاخشىبىسى

بۇلبۇل سايرىماس بولدى،
قىزىل گۈل ئېچىلماس بولدى،
دۈشمەن سوزىگە كىرىپ،
يارىم قارىماس بولدى.

كاشكى كورمىگەي ئەردىم،
كوڭۈل بەرمىگەي ئەردىم،
ساڭا بەرگەن كوڭۈلنى،
تەندە ساقلىغاي ئەردىم.

يارىمغا سالاي سالسام،
گۈل بىلەن مۇنار قىلسام،
يار ئېچىدە بولمامدۇ،
ھەر قانچە گۇناه قىلسام.

تاغدا ئېچىلىپ قاپتۇ،
سىبىرىق سەبدە بىلەن چوغلۇق،

ياردن كورميدم خوراق،
كوڭلۇم بولادۇر مۇڭلۇق.

سۇ بولسا سۇزۇك بولسا،
ئيرقدا ئيقن بولسا،
عاشق بلەن مەعشۇقلار،
يان خوشنا ييقن بولسا.

كۇندە كورميدم يارنى،
بر كۇنى كورەرمەندەب،
ئۇميد ئۇزميدم ياردن،
ئولميسەم سويەرمەندەب.

## ۱۱. جانيما ناخشيسى

ختاى پوپۇشنى خەى دەيدۇ،
تۇرۇب چامغۇنى سەى دەيدۇ.
كچيككينە قارا كوز،
قچقارسام لەببەى دەيدۇ.

ئالتۇن قۇتيدەككنە،
ئاپپاق ئۇپيدەككنە،
هەر كشينك يارى بولسا،
كوڭلى مەيليدەككنە.

ياخشى ئاتليرم بولسا،
يۇرمەسمەن بۇ يەرلەردە،
غيربلق ئەسەر قلدى،
دوديشاڭ كۇرەلەردە.

نانى لەيلە لوتۇكەى،
تۇرفان لەيدى لوتۇكەى،
لوتۇ كەنچەن تولى سا،
خاجۇ، خۇجۇ جاڭپيزا.

سەحەر بولدى جى جولە،
بامداد بولدى كەى مۇڭلە،
كەى مۇڭ ـ كەى مۇڭ قارا كون،
نيدى فڭيۇ سەى لەيلە.

تۇرفان خوما، قۇمۇل خو،
ناگى يوچەن ناگى خو.
چوكان خوما جۇگان خو،
ناگى شلڭ شاڭ ناگى خو.

مەن كمنى دەب ئولتاردم،
مەن يارنى دەب ئولتاردم.
ئوقەتنى خيال قلماى،
ئافامچە زوڭ ئولتاردم.

يارم كيلەدۇر قاراب،
سۇمبۇل چيچينى تاراب،
مەن يارغا نيمە قلدم،
يامان كوزيده قاراب.

گۇل كەستم ئويماق ـ ئويماق،
بارمۇ ياريدن تويماق،
قايسى نادانىڭ ئشى،
ئوز ياريدن ئايرلماق.

## ١٢. خارابىڭ مەن ناخشيسى

بر قارا بوران كيلب،
تەگسە يامان بولمامدۇ گۇل،
شاخى شاخيغا تيگب،
بەرگى غازاڭ بولمامدۇ گۇل.

ئالما گۇلى گۇل بولامدۇ،
باشقا قسسا بر قۇچاق،
كشينىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئولگيچە جانغا پچاق.

قارا قاشم بار مينىڭ،
قوشۇما قاش لازم ئەمەس،

بر ئاداشم بار مينك،
ئككى ئاداش لازم ئەمەس.

قارا قاش كردى بازاغا،
قيشينى بازاليتب،
ئوزى خوشال يۇرەدۇر،
بزنى سەرگەردان ئيتب.

قيشيكزنك قاريسى،
چۇشدى سيپلغا سايىسى،
ماندا قمۇ يىراق بولۇرمۇ،
ئككيمزنك ئاريسى.

قاش قاراسى بولميسا،
قەشقەر ديگەن قانچە يىراق،
ئۇيا-ئەگلك بولميسا،
ئايدەك جۇگان ئشتقا يالاق.

قيشيكزنك قاريسينى
قارا خەتكە ئوخشيتاي،
ئەتە-ئاخشام كورميسەم،
بويۇگنى كمگە ئوخشيتاي.

قاشليرگدۇر قاپ-قارا،
كرفكليرك زەر-زيۋەر،

مەن ئوتتۇكدا كويەرمەن،
سەن يۇرەرسەن بيخەۋەر.

قارا-قارا قاشليغم،
ئۇزۇن-ئۇزۇن چاچليغم،
قارا قاشنى دەپ يۇرۇپ،
قاغا قالدى ئاشليغم.

قيشيگزنك قاريسى،
هوسمانى پەيدا قلادۇر،
چيچيگزنك ئۇزيني،
ييگتنى شەيدا قلادۇر.

قاشنى قاشقا ئۇليسا،
ييتەمدۇر قاشنك بوييغا،
خۇدايم ميني سالبدۇر،
قارا قاشنك كوييغا.

قاشلق ئەتميسەك يارم،
قاشك ساڭا يەتمەمدۇ،
ئككى ئويناش ئۇتقۇنچە،
بر ئويناشك يەتمەمدۇ.

ئات بولسا، يورغا بولسا،
ئوقۇسا، منسە كشى،

يارى بولسا، ياندا بولسا،
ئوينيسا، كۈلسه كشى.

يارينى كەلدى ديسه،
يۈگرەب چقاى بيشم بلەن،
يارى كەلگەن كوچيلارغا،
سۇ سيپەى بيشم بلەن.

ئاه ئۇرۇمەن-ئاه ئۇرۇمەن،
ئاهليرم تۇتقاى سينى،
كوز ييشم دەريا بولۇب
بيلقليرم يۇتقاى سينى.

يارمنك مەيليچه بولسا،
قوپميسام يار قيشيدن،
كيچه-كۈندۈز چورۇلۇب،
پەرمانه بولسام بيشيدن.

گۈلى سۇسەننى كورۇك،
سايغا بيقب قايريلادۇر،
بيۋافا يارنى كورۇك،
ئولمەى ترك ئايريلادۇر.

ئالمينك شيخى تولا،
جينەستينك بەرگى تولا،

يىگى يار تۇتقان كشىنىڭ،
ئچىدە دەردى تولا.

ئاه يارىم چاققان جۇگان،
جامانغا ئوت ياققان جۇگان،
بىشىنى قائتىق تاراپ،
ئىرىنى قاقشاتقان جۇگان.

جۇگان ئاسما دەككىنە،
بىلى تاسما دەككىنە،
شۇ جۇگاننىڭ قلىغى،
تون بەش ياشار قزدەككىنە

## ١٣. دادەى ناخشىسى

ئاق قۇچقاچ حارامزادە،
شىكەر بەرسە سايرايدۇ.
ئىلىنىڭ چوكانلىرى،
ئاقچا بەرسە قارايدۇ.

ئۇ قاتقا ئوتەرمەن دەپ،
بۇ قاتدا قونۇپ قالدىم،
ئون كۈندە كىلۇرمەن دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدىم.

ئشيگمده يادام بار،
ئاستا كرك دادام بار.
دادام بولسا كاشكيدى،
قۇچۇغمدا بالام بار.

يارمنك ئيتى لەيلى،
بزگه باردۇرمۇ مەيلى،
بولسا، بولميسا مەيلى،
مەن يارنك قەلەندەرى.

هاۋاما هاۋاميدۇر،
قار - يامغۇر ياغاميدۇر،
قز ئۇچۇن ييگت ئولمەك،
شەرعيده راۋاميدۇر.

مەن ئيدم سينك بلەن،
بولمۇدۇك مينك بلەن،
سەن ياشقا كچك نادان،
سەرگەردان سينك بلەن.

باقفا كرب ئالما يەك،
باغنك ميۋيسى بزنك،
سەن يارم مينى ديسەك،
جاندن ئوزگيسى سزنك.

تاماكا تارتقۇم كەلسە،
سيلاب باقيمەن يانىنى،
سەن يارم مينى ديسەڭ،
تەسەددۇق قلاي جاننى.

باغ ئچيده بوستانلا،
ياشير بدۇ چوكانلا،
قارا كوزنڭ دەرديده،
ئاقدى كوزۇمدن قانلا.

يار دەرديده ئاۋاره،
بولدى يۈرۈگۈم پاره،
ئوزەڭ بليسەن يارم،
بۇ دەردكه نيمه چاره.

مەن كۈرەگه بارغاندا،
ئون سەر يارميقم بولسا،
مينڭ تاۋم ئوسمەمدۇ،
كۈڭلۈمديكى يار بولسا.

شايار يولى يۇلغۇنلۇق،
كۇچا يولى بۇلغۇنلۇق،
شايارلقنڭ قزليرى،
ئون سەككيزى بر پۇللۇق.

١٤. غيريبنك مەن ئەسيرلخمەن ۋايەى بالادن ئاسرابەندەگنى ناخشيسى

دەريا بويىدا شاھتۇت،
بر ياخشينى ئاداش تۇت،
ئاديشك يامانليسا،
ئويناب، كۈلۈب هاراق تۇت.

يار كيلۇرميكن مۇندا،
مەن بارايميكن ئاندا،
يارغا يار كيرەك بولسا،
قول سبلب كيلۇر مۇندا.

يار حوجريسيدا ييتب،
ديگەن سوزليرى ماقۇل،
يار مەندن يامانلابتۇ،
مەن يارمغا ناماقۇل.

دەريا مۇنداغ ئاقارمۇ،
ئيقب لەيدن تاشارمۇ،
يارم كيىگەن ئارچنبەل،
مۇنداقمۇ ياراشۇرمۇ.

گۇل ئيچلدى چمەن باغدا،
تاماشه قلسا بولمامدۇ،

ئاتيمز يوق، ئانيمز يوق،
خۇدايىم رەھمى قلمامدۇ.

نە خۇش كۈندۈر برادەرلەر،
كشى جانانيغا يەتسە
چيكب جەۋرى-جا فاالارنى،
كوزى مەسئانيغا يەتسە.

جافانى كم تولا چەكسە،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشدن،
بيشم كەتدى بۇ سودادن،
بۇ سودا كەتمىدى باشدن.

مەن باردم كيچە بلەن،
ئېرفنك ئچى بلەن،
ييگت قولى باغلاندى،
جۇگانىنك چيچى بلەن.

قيشك ئەسلى قارادۇر،
ھوسما قويميساك يېتەر،
سەن ئولتەرميسەك مينى،
ئوزەمنك ئولگىنى يېتەر.

### ١٥. لەبلىرىڭ ناۋات يارىم ناخشىسى

كوبىۋب كۆل بولمىغاي ئەردىم،
يىنىب ئوت بولمىغاي ئەردىم.
ساڭا بەرمىسەم كوڭۈل،
مۇنچە بولمىغاي ئەردىم.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
دەرياغا يىقىن ساڭلار، ؟
مىنىڭ يىغلىغانىمنى،
قارا كوز قاچان ئاڭلار.

ئوگۈزەكدە كىتەب بىرىب،
شەرەت قىلاي تۇكلۇكدىن،
يارىنىڭ قاشىغا كىرمەك،
ئوغۇل بالا ئوزلۇكدىن.

قولىغا پچاق ئالغان،
ئوغۇل بالىلىق ئەمەس،
عاشىق بولغان يارانلار،
پچاغىڭغا بوى بەرمەس.

يارىنىڭ قوسىغى ئاغرىبتۇ،
باققا كىرب ئالما يەب،

يامان ئۈگۈنۈپ قاپتۇ،
خامليغينىنى دەپ.

بيغـڭغا كرپ ئيلپ،
توڭ غوراڭنى يەپتيمەن،
كوڭلۈڭگە ئيغر ئالما،
پەممى قلماي دەپتيمەن.

بيغـڭغا كرپ ئالدم،
شاپتۇلاڭنى يەپ ئاليم،
ئوينيميساڭ ئوينيما،
مەن ئويناپ كۈلۈپ ئالدم.

بيغڭغا كرپ باقسام،
ئۈرۈگۈڭ عەجەپ شاخلق،
چۈشۈمگە كرپ قاپسەن،
قارا كوز، تلى تاتلق.

بيغـڭديكى تاللانى،
خامان هايديسام لازم،
ئوينايمەن دەپ ئيپتساڭچۇ
مەن ساڭا قلاي تازم.

بيغـڭغا كرپ ئيلپ،
ئۈرۈك، ئرغيتاي يارم،

ناخشامغا قوشۇپ ئېلىپ،
سىنى يغلىتاي يارىم.

ئىشىگىڭدىن مەن ئۆتلۈم،
ئوتكىنمنى تۆيدۇڭمۇ،
توخۇ ئىككى چىللىدى،
بىر چىقمايسەن ئولدۇڭمۇ.

## ١٦. سارىخان ناخشىسى

سىپلىنا چقك باللا،
دۇم-دۆمنىي سوقوك باللا،
پاشىاپ بەگ قوغلاپ كەلسە،
ئارقىغا قىچك باللا.

بىغىڭغا كرب باقسام،
ئالما تۆگمىدەك بوبتۇ،
كچىكنە سارىخان،
ئىلىب قاچقىدەك بوبتۇ.

باغ ئچىدە بوستانلا،
ياشىربتۇ چوكانلا،
سارىخاننىڭ دەردىدە،
ئاقدى كوزۇمدىن قانلا.

ئاق سارايدا ئولتۇرغان،
تولۇن ئاي مېنىڭ يارىم،
كويەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
بىخەۋەر بولغان يارىم.

گۈلزارنىڭ ئارا چوغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق،
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىل گۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك،
سارىخان كۆلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كۆڭلىدۇر ئەجەب قاتتىق،
ئىشكىدىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي ئۈزلۈك، قارا قاشلىق،
ئىشككە چىقالمايدۇ،
ئاتا-ئانىدىن باشلىق.

## ١٧. گۆلەم خان ناخشیسی

گۆلەم خانىڭ قوش پوپۆگی یەرگە تیگەمدۆ،
ئون بەش یاشقا کرمەی تۆرۆپ ئەرگە تیگەمدۆ.

گۆلەم خانىڭ کییگەن تەکلی تاش پیشی سولجۆر،
قیری بلەن یاتماڭ هەرگز، ساقیلی سانجۆر.

قویلارنی هایداۋەتدی ئویمان بۆلاقفا،
گۆلەم خاننی تۆتۆپ بەردی قیری چولاقفا.

گۆلەم خانىڭ قوش پوپۆگی یەرگە سورۆلدی،
یۆرەکدیکی سیرق سۆلار قانغا ئورۆلدی.

چقپ باقسام گۆلەم خانیم تویۆڭ کیلەدۆر،
ساکامیکن، ماکامیکن تەقدیر بلەدۆر.

گۆلەم خانىڭ تۆقفان یری ئویمان بۆلاقدۆر،
گۆلەم خاننی زورلاپ ئالغان ئەڭگە چولاقدۆر.

ئالتە ـ یەتتە کەپتەرلیرڭ قوندی تیرەککە،
توگا توندا ئالتۆن تۆگمە پاندی یۆرەککە.

گۆلەم خاندن باشقا قزنی قیری ئالمامدۆ،
گۆلەم خنیم چولاقلارغا زایە بولمامدۆ.

گۆلەم خنیم ئۆبدان بالا چیچی ئاز ئیکەن،
گۆلەم خانىڭ تەککەن ئیری تۆتەك تاز ئیکەن.

## ١٨. ئاللا يارم ناخشيسى

ئاللا يارم خياليڭز ئەنجانچە بوكمۇ،
كچكلكدە ئويناب ئيدۇق ئەندى يۇل يوقمۇ؟

ئاللا يارم خيالڭنى بلب بولمايدۇ،
سەنله يۇرگەن كوچيلاردا يۇرۇب بولمايدۇ.

سەن يار ئۇچۇن بولميغانم قالغان ئەمەسدۇر،
ياكى پۇتۇك ياكى پۇتمەك يالغان ئەمەسدۇر.

خاهى پۇتۇك، خاهى پۇتمەك خۇشتارمەن سزگە،
پۇل مالمنى بەرباد بيرب، قۇل گرەى سزگە.

قارا، قارا قاشليرڭغا قوشساكچۇ مينى،
قارا قاشنڭ بازاريدا سانساكچۇ مينى.

قارا قاشنڭ بازاريدا ياريميسام مەن،
كرپيگڭنى ئوق يار قلب ئانساكچۇ مينى.

عشق ئوتينى تۇتاشتۇرۇب كويدۇردۇڭ مينى،
جلۋە قلب، غەمزە قلب ئولتۇردۇڭ مينى.

لۇتفى قلب، باغ-باغ ئيتب، قۇچساكچۇ مينى،
بر ئورۇندا قۇچاغلميشب سويەردم سينى.

گۇل غۇنچيسى ئيچلغاندەك لەبليرڭ سينڭ،
عومرۇم ئوتدى لەبليرڭنى سويەلمەى مينڭ.

## ١٩. مايم خاننىڭ ناخشىسى

زىندان تىمى ئىگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گورۇستان،
ئېرەنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىد ئولگەن مايم خان.

مايم خان ئوزى ئۇبدان،
مەست بولسا خۇيى يامان،
قىرى ئۈچۈن باشنى بىرىپ،
ئەندى بولدۇڭمۇ ئامان.

خان خوجامنىڭ بوز ئىتى،
دەريالاردا ئوزەمدۇ،
بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزلىنى
دارن-ئامبال تۈزەمدۇ.

ئانا بولغىنىڭ قىنى،
ئانا بولغىنىڭ قىنى،
ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ چاپقاندا،
تلەپ ئالغىنىڭ قىنى.

ئالدىمزدا تورت مانجۇ،
قلىچىنى ئويناندى،

حیکم بەگ بولاب بەرسە،
ئولتەرمەندی، پالاتدی.

تۇرفاننڭ یولی قۇملۇق،
ئوتۇب بارغیلی بولماس،
ئاتمش یامبۇنی ئیلب،
بیکار تۇرغیلی بولماس.

ئاتمش یامبۇنی ئیلب.
دارن ئامبال تویامدۇ،
مایم خاننی ئولتەردی،
خۇنی ئینی قویامدۇ.

گونا شەھەردە ئاق تیرەك،
یینگی شەھەردە کوك تیرەك.
مایم خاننی ئولتەردی،
ئاکا ئوخشاش ئەر کیرەك.

گۇل باغ سۇفەت قەشقەردەك،
یینگی سوقان شەر بارمۇ،
مایم خان شیهید بولدی،
ئاکا ئوخشاش ئەر بارمۇ.

## ۲۰. ئالتۇن خېنىم ناخشىسى

ئاقپىنا ئايدەك ئۆزۈڭگە،
زەيتۇنە خالىڭ بولاي،
كېچە ياڭدا يېتىپ،
كۈندۈز خېرىدارىڭ بولاي.

بېۋافا بۇگۇن بارۇر،
تاڭلا ئۇنۇتقاي يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
كونا سويگەن يارىنى.

مەن بىرىپ قاچان كۆرەرمەن،
ئامرىغىمنىڭ ئۆزىنى،
ياغلىغىمغا تۈگۈپ ئالدىم،
سايدا باسقان ئىزىنى.

سايدا باسقان ئىزىنى،
كۆزلىرىمگە سۈرمە قىلاي.
يارنى ئۇيقۇدا تاپسام،
لېۋىگە سويۇپ ئالاي.

## ۲۱. قومۇل ئاخشىسى يارسىنەم

سايدا يۈرگەن جەرەننى،
سەككىز دەڭلا يارسىنەم،
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى
سۆڭلەم دەڭلا يارسىنەم.

ئەگم - ئەگم يوللاردا،
ئىزكىلەدۈر يارسىنەم،
كمخاب تونني پۈركۈنۈپ،
قىز كىلەدۈر يارسىنەم.

ئىگىز تىرەك بىشىدا،
كاككۇك ئوينار يارسىنەم،
جوڭۋاڭ بەگنىڭ قىزى بىلەن
بەگلەر ئوينار يارسىنەم.

ئاپپاق - ئاپپاق توشقانلار،
سايدا تولا يارسىنەم،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر.
تويدا تولا يارسىنەم.

يىغلىما قىز - يىغلىما قىز،
تويۇڭ بولۇر يارسىنەم،

٧ ئالتۇن بلەن كوشۇگە،
ئويۇڭ بولۇر يارسينەم.

قزل-قزل پىيازنڭ
پوستى تولا يارسينەم،
ئويلەنمىگەن يىگىتنىڭ
دوستى تولا يارسينەم.

قارا-قارا قاغىلار
خاماندادۇر يارسينەم،
قز ئالمىغان يىگىتلەر
ئارماندادۇر يارسينەم.

تاغنى تۇمان چاڭ بىسىپتۇ
قار كيلەدۇر يارسينەم.
بەرگى غازاڭ تونىنى كىيىپ
يار كيلەدۇر يارسينەم.

## ٢٢. دوستلارەى ناخشىسى

بز بۇ يانقا كەلگەندە،
يارىم ئشكدە قالغان،
قاچان كيلىسەن يار دەپ
قارا كوزىگە ياش ئالغان.

قزل گۇل دیگەن نەرسە،
بیهشتدن چققان نەرسە،
قییامەتکە بارغاندا،
خۇداییم ئیمان بەرسە.

كورۇنگەن قارا تاغلار،
ئارقیسی قارا باغلار،
بزنڭ یار کچك بالا،
بیلیغا دۇردۇن باغلار.

تۇگلۇكدن قاراب باقسام
یارم تولغینب یاتدی،
ئایریلب کیتەی دیسەم،
دەردمنی تولا تارتدی.

ئویدن ئاتلینب چقب،
کردم چاگینا یولغا،
سەن یارمنی بەرمەسمەن،
ئون بەش یاشدیکی قزغا.

ئون بەش یاشدیکی قزنی
ئالسام ئارمینم یوقدۇر،
سویگەن یارنی ئالمیسام،
ئوزگە لاییقم یوقدۇر.

ئون بەش ياشدىكى قزلار،
هوسما قويۇب ئوينايدۇ،
قارا كوزنىڭ قوينىدا،
بىلىق بولۇب سويلايدۇ.

يارم يېزىغا كەتدى،
ئەنديلەردە يەتكەندۇ،
ئاندا يارينى كورۇب،
بزنى ئۇنتۇب كەتكەندۇ.

يارمنىڭ سارايىغا،
گۇل بلەن مۇنار قلسام،
يار ئچىدە بولمامدۇ،
هەر قانچە گۇناه قلسام.

قاراب كوزليرم تالدى،
بر سوزۇڭنى بەرمەيسەن،
نيمە مۇنچە زار بولدۇڭ،
عاشق تۇتقانغا ئولمەيسەن،

يار دەيسەن يانا دەيسەن،
يار قەدرينى بلمەيسەن،
يار قەدرينى بلگەندە،
سەحەرلەردە يغلايسەن.

## ٢٣. ئاللا ئورگۈليمەن ناخشيسى

قاش ئاتارم كيلەدۇ،
كرپك ئاتارم كيلەدۇ،
بيليغا ئالما تۇگۈب،
يالغانچى يارم كيلەدۇ.

زەيتۇنە تونني كييب،
خەستە كوگۇلگە ئوت سيلب،
نوۋ ئيچلغان غۇنچيدەك،
ئۇزى ئاتارم كيليدۇ.

ئەنيياز نك شاميلى،
تەگسە بۇلۇر ئاق تەن قارا،
غەم قشيني هايديماققا،
نوۋ باهارم كيليدۇ.

## ٢٤. دانە دانە خاللار كدن ناخشيسى

بارارغا يوللارك بولسۇن،
قزل گۈل هەمرايك بولسۇن،
سينىكدەك نازۇگى يارغا،
مينىكدەك قوللارك بولسۇن.

ئىلى شەرىنىڭ باغلىرىدا
غۇنچە سۇفەتلىك سەن گۈلى رەئنا،
گۈلى رەئنانى ياد ئەتمەككە،
مىنىڭدەك بۇلبۇلۇڭ بولسۇن.

سىنىڭ چاچۇشلىرىڭ ئالتۇن،
ساماۋار، كۈرسىڭز زەردن،
كى خاقان ئوردىسى سەيرى
گاھىڭ ھەم يولۇڭ بولسۇن.

ئەگەر سەن خاھش ئەتسەڭ،
تەسبى تارىنى يۇ گۈرتمەكنى،
بۇ نازمنىڭ تىنى
سالماققا چۇلۇۋرۇڭ بولسۇن.

## ٢٥. ئوتتۇك يامان ناخشىسى

يار ئشىگىدە تۇرسا،
گۈل مودەن ئىچلغاندەك،
كىتەى دىسەم كىتەلمەيمەن،
ئەركمنى تۇتۇپ ئالغاندەك.

ئۈمىدم ئۈززۇلمەيدۇر،
ئايرىلب كىتەلمەيمەن،

يينيدن كيتەى ديسەم،
عشقى غولينى سالغاندەك.

يغالمايمەن خيالمنى،
بر يەردە قلالمايمەن،
خيال كيتەر هەر يانە،
دانيلەر ساچلغاندەك.

يار تشيگيدن كەتمەى،
ئاه تۇرۇب قاراب تۇردۇم.
يار تۇرۇر ئاۋى ئالديدا،
قزل گۇل ئيچلغاندەك.

يارم كيتب ئوزدن،
قان، ياش ئاقيدۇر كوزدن،
قالدى نەچچە كۇن سوزدن،
غەم ئچيدە قالغاندەك.

## ٢٦. نيمە بار بۇ يەرلەردە، كيتەى مەن ئوز ماكانمغا ناخشيسى

مينى كورگەن دۇشمەنلەر،
بولك ئەلنى كورمەمدۇ،
دۇشمەن سوزيگە كرب،
مينى يارم سويمەمدۇ.

لپ لپ ئيتەدۇر كوڭلۇم،
يار قيشيغا بارغيلى،
لەبنى ليبيگە قويۇب،
تەننى تازا قلغيلى.

قيشينى قلچ ئەيلەب،
كرفيگن ئيتپ خەنجەر،
هجران خەنجيرن سالدى،
جينيمزنى ئالغيلى.

بيشمغا سيلب ميحنەت،
برەۋلەرگە بيرب رۇخسەت،
دەيدۇ يينيمزدن كەت،
غەيرى بلەن قالغيلى.

## ٢٧. ئاه دەرديك يامان ناخشيسى

يولۇك مڭنك ييرى يول،
خييالم سەندە تۇرماسمۇ،
چرايمنى سيرق دەيدۇ،
جۇدالق دەردى بولماسمۇ.

دەريا بويىدا ئۇزۇم،
يغلايدۇ قارا كوزۇم،

كشىنىڭ بۇرتىغا كېلىپ،
ئۇتمەيدۇ مېنىڭ سوزۇم.

يار ئىشىكىدە تۇرسا،
قىزىل گۈلى بېشىدا،
ئولسەم ئارمىنىم يوقدۇر،
بىردەم ياتسام قېشىدا.

دەريا بويىدا تاللا،
تاللاپ ئالدىم تالمىنى،
بىۋاپامۇ يار ئىكەن،
سورىمايدۇ ھالىمنى.

يۈرۈك يارىم ئوينايالى،
دەريا بويى بويلايلى،
بىلقىلارغا ئەرز قىلىپ،
خۇدايىمغا يىغلايلى.

## ٢٨. غېرىبلىك مەن، ئەسىرلىك مەن ناخشىسى

ئەتە بىلەن غاز ئوتەر،
سودىگەرلەر ياز ئوتەر،
كچىكىنە قارا كوز،
قانداغ قىلسام زار ئىتەر.

جۇگانمۇ تيگەي دەيدۇ،
چوكانمۇ تيگەي دەيدۇ،
چوكاننى ئالاي ديسەم،
ۋاختمغا باقاي دەيدۇ.

ۋاختيغا قاراب هاردم،
هەر كۇندە ئاڭا باردم،
بر سويۇب قويۇڭ ديسەم،
ئازامدن سوراي دەيدۇ.

بيشيغا قسب غۇنچە،
تۇرماس دەمى سويگۇنچە،
گويسەم ئاڭا ئولگۇنچە،
كوڭلۇڭنى ئالاي دەيدۇ.

بۇلبۇلدەك قلب فۇغان،
دائيم قليمەن گەريان،
ئالماقچا تينمدن جان،
عشق تغى سالاي دەيدۇ.

پۇل تاپسا ديگەن نازم،
مەككيگە قلاي تازم،
يار ياخشى قيلڭ ديسەم،
مەن برگە باراي دەيدۇ.

## ٢٩. نەغمىدە ئىيتىدىغان ناخشا

مەن ئولسەم ئىتم ئوچەر،
بىشمدىن شامال ئوتەر،
ياخشى تۇتقان دوستلىرىم،
يىنمدىن يغلاب ئوتەر.

ئاناممۇ ئولۇپ كەتكەن،
ئاناممۇ ئولۇپ كەتكەن،
قىرنداش بولغان بلەن،
كوكلى بولۇنۇپ كەتكەن.

ياتلارنىڭ دەردى چاغلىق،
قىرنداشنىڭ دەردىدن،
قىرنداش قلغان دەردلە،
ئچمگە تولۇپ كەتكەن.

ئاناممۇ حايات بولسا،
ئاناممۇ حايات بولسا،
دەردىنى ماگا ئىيتسا،
حالىغا بۇ دەم يەتكەن.

نوۋىتى خازان يەتدى،
موۋسىمى باهار كەتدى،
ۋافت بزگە يىقن يەتدى،
نازم بۇنى دەب كەتكەن،

## ۳۰. ياھۇ يارەى، ياماۋلانەى ناخشيسى √

باجا ئەيتەرسز غەمى بيشم، غەمخانە بولدى نەيلەين،
بر سوز بلەن ئاشنا يارم، بيگانە بولدى نەيلەين.

يامان كورمەك مينى دەرلەر، ئيگەمنك بر قۇلى دۇرمەن،
كشى قەدرمنى بلمەيدۇ، ۋەتەننك گوھيرى دۇرمەن.

ئوزۇم ۋەسفينى ئيتسام، دلبەر ئەيتۇر ئانچە ئەمەسسەن،
كيتۇرگەن سوزگە سزنى، دلبەرى ئوزرە پەرى دۇرمەن.

كى تەعرف ئەيليدك كوپ، باغ ئارا غۇنچە كورۇب ئينى،
تامامى نوشكوفە غۇنچيلەرنك موختيرى دۇرمەن.

نيحەد بزگە ئول ئاى ئۇزلۇك، سوزينى تلگە كەلتۇرمەك،
قۇلينك قۇلليرى ئالديدا، بر چاكرى دۇرمەن.

قيبا باقسا تەرەحم ئەيلەبان، بز خەستيگە ئول ئاى،
ديگەيمەن شاد ئولغاندن، خالايق بەھتيرى دۇرمەن.

ئيلى بازاريدا يغلاب، بۇ نازم ياڵۋۇرۇب يارغا،
كى ئيتب بر قيبا باقسام، نە بولغاى بر قرى دۇرمەن.

## ۳۱. ئايرلغانغا ئولمەيمەن، مەن قەدرمگە يغلايمەن ناخشيسى

يار ئشيگيدن ئوتدۇم،
ئالما شيخينى تۇتۇب،

سەن ئويۈڭدن چقمايسەن،
مەن تالادا قان يۈتۈپ.

يارنڭ بيغيغا كرسەم،
ئالما تۈگميدەك بوبتۇ،
كچيكنە يارم بار،
قايرب سويگيدەك بوبتۇ.

شۇ يارمنى كورگەن خەلق،
بارچە بولادۇر عاشق،
يارمنى كورۈب خالايق،
كويۈب ئولگيدەك بوبتۇ.

يارم يۈرەدۇر دائيم،
بر ساچقا جالا سيلب،
يارمنڭ قارا چيچى،
ئككى بولگيدەك بوبتۇ.

ئاۋۋالدا ئويۈن قلسام،
يغلار ئيدى ئول دلبەر،
بۇ دەمدە ئويۈن قلسام،
قاراب كۆلگيدەك بوبتۇ.

## ٣٢. دوستليريما ئاخشيسى

ئۈيان ئوتۈپ، بويان ئوتۈپ كوڭلۈڭنى ئالاى،
قارچيغينىڭ باليسيدەك قولۇڭغا قوناى.

قاراليسام كورۈنمەيدۇ سەمەندن قورغان،
عەجەپ قانتىق يامان ئيكەن ياردن ئايرلغان.

يار ئايريلىپ چدار ئيكەن، بز چدالماسمز،
هيچ ئايريلىپ چدارميكن كوڭۈل ئالدۇرغان.

شۇ يارەنى بر كورۈبان، كوڭۈل ئالدۇردۇم،
هيچ مينىڭدەك بارمۇ يارغا ئاۋارە بولغان.

ئاۋۇال بيقىپ، كوڭلۇم ئيلىپ ئەندى باقمايدۇ،
مەن سادەمەن يار باقار دەپ ئۈميدە تۇرغان.

## ٣٣. ئولمەمدۇ كشى، كويمەمدۇ كشى ئاخشيسى

قارانى يۇسا ئاق بولماس، يامان هەرگز ياخشى بولماس،
سەن دوست بولساڭ ئول دوست بولماس،
مەن سينى سويدۇم قارا كوز.

قزل ئالما قزارغاندەك، خۇنۇك چوكان ياشارغاندەك،
قزل گۇلدە ياسالغاندەك، ئۇزۇڭگە كويدۇم قارا كوز.

## ٣٤. چن مودەن خان ئاخشيسى

يار ئشيگيدە تۇرۇب،
بر جلۋە قلالمايدۇ،
بر كورۇب كيلەى ديسەم،
خاليدا بولالمايدۇ.

ئوگۇزەڭديكى قومۇشنى،
مەن دەسسەب ئوتەرمەنمۇ؛
كوڭلۇمديكى يار بلەن،
بر كيچە ياتارمەنمۇ.

يالۇۇرۇب ساڭا هەر كۇن،
ياد ئيتب سينى هەر تۇن،
باغرمنى قليبان خۇن،
ۋەسلڭگە ييتەرمەنمۇ.

بارسام ئشيكڭگە يغلاب،
ئاچچيغڭ كيلب قوغلاب،
بۇ قسمى كورۇب خورلۇق،
دۇنيادن ئوتەرمەنمۇ.

يارم ماڭا باقمايدۇ،
سينەسينى ياقمايدۇ،
مانداغ بيۋافا يارغا،
بيهۇدە كويەرمەنمۇ.

باقماي ماڭا دەرد قلدڭ،
چرايمنى زەرد قلدڭ،
دەرديڭگە داۋا تاپماي،
ئاخيرى ئولەرمەنمۇ.

بزلەرنى خافا قلدڭ،
جانمغا جافا قلدڭ،
سەندەك بيۋافا يارغا،
ئاۋارە بولارمەنمۇ.

## ٣٥. گۈلزارە ناخشيسى

ئويمان بايتۇقاي سازى،
ئودەكدن تولا غازى،
كچيكنە يارم بار،
ئولتەردى ئۈزڭ نازى.

سەن دەرديڭنى ماڭا ئييتساڭ،
سينڭ حالڭغا مەن يەتسەم،
ئوزەمنڭ ئلكيدە بولساڭ،
چوللەرگە ئيلب كەتسەم.

چوللەر ئچيدە يۈرسەك،
ئككيمز بولۇب مونس،

سینەمنی یىرب تغدا،
یۆرەگمنی كورسەتسەم.

بزگە مەرحەمەت ئەیلەب،
دەردمنی ئشتكەنلە،
ئون توققۇز قلب تازم،
مەن یارمنی خۇش ئەتسەم.

یارم یۆرتیغا كەتسە،
ئاتیسینی كورگیلی،
بوز ئیتمنی ئیگەرلەب،
یارنڭ كەینیدن یەتسەم.

## ٣٤. شەهلا كوزی مەستانە، كام بولمیسۇن خانزادە ناخشیسی

قاراب كوزلیرم تالدی،
راست سوزۇڭنی بەرمەیسەن،
نیمە مۇنچە زار بولدۇڭ،
عاشق تۇتقانغا ئولمەیسەن.

قاشنڭ قاریسی ئوزگە،
كشی سوز بەردیمۇ سزگە،
كشی سوز بەرسە بەرگەندۇ،
یامانلق قلمیدم سزگە.

جۇگانغا قاراب يۇردۇم،
قزلارغا قاراب يۇردۇم،
جۇگانلارغا باقمايمەن،
كوڭلۇم تارتيدۇ قزغا.

قز تەعريفيني ديسەم،
ئۇزليرى تولۇن ئايدەك،
سيچى خوليغا پاتماس،
كوكۇلاسى ييتەر تزغا.

ئۇزليرى قزل ياقۇت،
قزغا قزل ئالما تۇت،
جينم ئارا سالدى ئوت،
دەردمنى دەيمۇ سزگە.

ياتقا بولادۇر ھەمزە،
بزگە قلادۇر غەمزە،
ئەغيارغا قلب ئلتاف،
قەھرى قلادۇر بزگە.

باريني كورۇب نازم،
قوشلاب قليدۇر تازم.
بولدى بۇ كوڭۇللەر بەند،
ئاچچيغى يامان قزغا.

## ٣٧. خانم ئورگۈلەی دەیمەن ناخشیسی

ئالمۇتیغا بارمایمەن،
سایدا پۇتۇم ئاغرىیدۇ،
غولجیدیکی یارمغا،
عەجەب ئچم ئاغرىیدۇ.

ئاخشیمی قاراڭغۇدا،
کورۇنۇر چراق ئوتی،
عاشقلق قلای دیسەم،
قورقیمەن کشینڭ یۇرتی.

یارم تەریفینی دەب،
کیچە۔ کۇندۇز سوزلەیمەن،
مەندەك سوز قلالمایدۇ،
شاهلار ئاسریغان توتی.

یۇرە کمنی کویدۇردی،
مینی هەر کۇن ئولتۇردی،
کویدۇردی ۋۇجۇدۇمنی،
یارنڭ عشقینڭ ئوتی.

## ٣٨. يۇمۇلاق چۇگان يارم ناخشيسى

سينگى هيجره دەرديكدە،
بوغزمدن غزا ئوتمەس،
بر يل بولدى كويگيلى،
كويگەن ئوت ساڭا ئوتمەس.

باغ ئچيدە بوستانلا،
ياشيربتۇ چوكانلا،
يارنڭ دەرديدە يغلاب،
ئاقدى كوزۇمدن قانلا.

يارم يينمغا كەلسە،
ۋوينۇمنى قۇچۇب سويسە
قۇچاقمدا ئولتۇرسا،
تازا بولادۇر جانلا.

يار ئويگە كيلۇر بولسا،
يينيمزدا ئولتۇرسا،
جينمنى خيرد ئەيلەب،
قلسام ئينى ميهمانلا.

يارم باقفا بارايلى،
گۇل غۇنچيسى ئالايلى،

مودان گۈل ئېچىلىپتۇ،
قىسىڭ باشقا رەيھانلا.

نازىم بارادۇر باققا،
ئۇ تۇلاپ كويۇك تاققا،
غولجىدا سوزۇم ئاڭلاپ،
خۇشال بولادۇر جانلا.

## ۳۹. ئورگۈلىمەن ئاللا ناخشىسى

ئىشىگىڭدىن ئوتىدۇم مەن،
مەپەمنى جاراڭلىتىپ،
تارتىنماي سويۇپ قويۇڭ،
جالانى پۇلاڭلىتىپ.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
هويلاڭدا، تىرەكىڭدە،
بىلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە، يۇرەكىڭدە.

ئوزەم قارچىغا بولسام،
تورۇڭغا ئىلىندۇرسەم،
مىنى قولۇڭغا ئالساڭ،
تەلپۇنسەم بىلەكىڭدە.

ياز كۈنى تومۇزلاردا،
ياز ئاخىرى كۈزلەردە،
قش كۈنى مەسجدلەردە،
يۈردۈم مەن تلەككدە.

بيغكدا گۈلۈك بولسام،
بيشكدا گۈلۈك بولسام،
باقا سۇغا كرگەندە،
سۇ بولسام. چيلەككدە.

غۇلجيغا بيرب كۈزدە،
ياتدم مەن تالا-تۈزدە،
نازم بولۇبان هۇقۇش.
قچقيرۇر تيرەككدە.

## ٤٠. گۈل يارەى-دادەى ناخشيسى

ئۇيان ئوتيدۇر بر گۈل،
بۇيان ئوتيدۇر بر گۈل،
ئككى گۈل ئاراسيدا،
سايراب ياتيدۇر بۇلبۇل.

مەن ئەندى نيچۈك قلاى،
غەمگە فالغان بيشمنى،

كورگينى ئۈزاق بولدى،
سيغندم ئاداشمنى.

سيغنغان بلەن يارنى،
منگەلى تيپلماس ئات،
ئات بولسا كورەر ئيدم،
بيرب قارا قاشمنى.

ئالايمەن ديسەم بر ئات،
ئاننك بر خۇيدۇر يات،
يارغا يەتكۇزۇرمۇ پات،
كورسەم باغرى تاشمنى.

خۇش ياخشى ئيلى شەهرى،
يارنك بارمۇدۇر ميهرى،
مەن ئەندى بلەلمەسمەن،
يارمغا بيرشمنى.

يار ئارقيسيدن باردم،
قورغاسنك مازاريغا،
يارمدن بلەلمەيمەن،
بر خەۋەر ئيليشمنى.

قۇمريدەك قلب گۇگۇ،
شەيخلەردەك قلب هۇهۇ،

يغلاب يۇ گرۇب ھەرسۇ،
توكۇب كوزدە ييشمنى،

بيۋافا بۇدۇن ئەفلاك،
يۈرەكنى قلبدۇر چاك،
قلبدۇر زەھەر ئاغۇش،
ھەر كۈن ئچەر ئيشمنى.

دۇشمەنلەر جافا قلدى،
دلبەردن جۇدا قلدى،
نازم تولا ئاه قلدى،
كورەلمەى ئاداشمنى.

## ٤١. چاقفان يارەى ناخشيسى

قاراليسام كورۈنمەيدۇ، عالەمنڭ ئۇچى،
بۇ عالەم بر كوھنارابات، بز يول ئوتكۈچى.

قاراليسام كورۈنمەيدۇ ئابرالنڭ تيغى،
ئوتدا كويۈب ئادا بولدى، يۈرەكنڭ بيغى.

يار دەرديدە سارغايدىم، زەعفران سۆفەت،
كۈز ۋاختيدا سارغايغاندەك، تيرەك يافريغى.

غۇنچە ئۈزلۈك نيگارمنى كورەر كۈن بارمۇ،
تەسبيح تەمل بولدى ماڭا يارنڭ سوريغى.

ياريمنزنىڭ قلغان سوزى داغ بولدى بزگە،
يۇرەگمنى مەجرۇح قلدى شۇ سوزنىڭ ديغى.

ئارا ئوستەك توغراقلقدۇر يارمنىڭ جايى،
قاراب يارغا ئەسر بولدى كوزنىڭ قاراغى.

ئۇلاغمنىڭ يوقليغيدن كورمۇدۇم يارنى،
كورەر ئيدم زال زەرنىڭ بولسا ئۇلاغى.

## ٤٢. نادەخان ناخشيسى

باغليغمنىڭ ئۇچيدا قەند بلەن ييميشم بار،
ياخشى دەمدۇ، يامان دەمدۇ ئەل بلەن نيميشم بار.

بزگە ياخشيلق قلغان، كشيگە قلاى خزمەت،
هەر كۇن خزمەت ئەتمەككە هەر كۇندە بيريشم بار.

كم قلسا زيان بزگە، زيانى عەيان بزگە،
يارۇرنى قليبان تەرك، هەم ئاندن يينيشم بار.

## ٤٣. هەمدەم يارەى ناخشيسى

تيريغان بلەن ئيلب بولماس سايىنىڭ تيشينى،
دەرد كەلگەندە ئيتب بولماس كوزنىڭ ييشينى.

سۇغا سالسام، سۇ كوتەرمەس مسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بيرب ئيلب بولماس قالغان كوڭۇلنى.

يارم بزگه باقماى يۇرۇب، ديلگه غەم سالدى،
شەفقەت بلەن سورغان بارمۇ كوڭلى مەلۇلنى.

بەختم قارا بولغان ئۇچۇن يار بزگه باقماس،
يغلاتقينى ياخشى ئەمەس بزدەك ئوغۇلنى.

يارم بزگه باقماس بولدى، بايلار-نامرادقا،
ئيرانلار هەم يوقليماسلار ئيرى يوق تۇلنى.

ئايا يارم قەهقەه كۇلۇب ئيچك كوڭلۇمنى،
يامان بولماس يوقليسيڭز ئازيمى قۇلنى.

## ٤٤. مەرديگنى نەمەردكه مۇحتاج ئەيليمه ئاخشيسى

بارغينمدا ياز بولۇبدۇر، يانسام زيمستان،
كەچكەن كۇنۇم كەچمەسميدى سەندن ئايرلسام.

هاۋاميكن، بۇلۇتميكن قارنى ياغدۇرغان،
جۇگانميكن، چوكانميكن كوڭۇل ئالدۇرغان.

تولا بارسام ئاچچق قلب يامان سوز قلماك،
بۇ كوڭۇلنك خاهيشيدۇر سزگه باردۇرغان.

## ٤٥. ۋاى دادەى ناخشيسى

ئاقدۇر بلەگىم ئاقدۇر،
ياردن تەلييم يوقدۇر.
ياردن تەلييم بولسا،
ئولسەم ئارمينم يوقدۇر.

يارنى ئوييدە قويۇب،
باغدا مەشرەب ئوينايلى.
قاشنى تەۋرىتب قويۇب،
يارنى قيىناب ئوينايلى.

قز هەمميسى يار بولماس،
يارنك قەدرينى بلمەس.
قزلار كوچيدا كوپدۇر،
قزنى تالالاب ئوينايلى.

## ٤٦. مەن حەيران ئارسلان خان ناخشيسى

سايراك بۇلبۇلۇم سايراك، قزل گۇل شاخى سۇنسۇن،
يار ئايريلمەن دەيدۇ، ئايريلب كوڭلى تنسۇن.

بۇ عالەمگە كيلب تابقان مينگكى ميهريبانمسەن،
كوزۇمنك روشينى، كوڭلۇمنك خۇشى، ئارامى جانمسەن

ئشيگڭدن قاۋۇمەن، چۇن غۇلامڭنڭ غۇلامى مەن،
مينڭدەكلەرگە شەفقەت ئەتكەلى شاهى زامانمسەن.

لەبى لەعلى زۇلالڭ بزگە دۇركم ئەبەحيۇن،
ئولۇك تەنلەرنى زندە ئەتكيلى رۇحى راۋانمسەن.

بۇ نازم ئەيتەدۇر، يۇز ئلتيجا ئەيلەب نيكارمغا،
ماڭا پەندى نەسيحەت ئەتكلى بر نۇكتە دانمسەن.

## ٤٧. ئالتۇن جان ناخشيسى

قاراب كوزليرم تالدى،
بر سوزۇڭنى بەرمەيسەن.
نيمە مۇنچە زار بۇلدۇك،
سويۇب قويغانغا ئولمەيسەن.

مينڭ مەقسەد كينەم شۇدۇر،
سينڭ ئالدڭدا جان بەرسەم.
ئاياغمدا مادارم يوق،
بارب بيشڭدن ئورگۇلسەم.

مينڭ بۇ خەستە كوڭلۇمنى،
چرايلق مەعشۇقۇم ئالدى.
راست سوزۇڭنى ئيېت يارم،
جان كچيكنە قالدى.

مینىڭ يارم عەجەب دانا،
عەجەب رەعنا، عەجەب خۇشخۇی.
ئاخشاملققا مەن بارای،
تشكنى تاقيماى بوش قوى.

مینىڭ يارم عەجەب رەزگى،
ئويناپدىغان ۋاختى.
ئچمدیکی دەردلیرم،
قانغا ئورۇلۇب ئاقتى.

مینىڭ يارم سەفەر كەتدى،
مىنگلا مۇندا يارم يوق.
كويەر ئوتقا سيلب قويدى،
مینىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

مینىڭ دەردمنى سەن تارتقان،
سینىڭ دەرديگنى مەن تارتقان.
كيچەلەر تالى مەجنۇندەك،
بيلگغا چرميشب ياتقان.

كوچەت تكدم سوگەت بولدى،
بر قاراگغۇ باغ بولدى.
يارم قلغان ئاھانەت،
يۇرەكمگە داغ بولدى.

يارنڭ ئىشىكى تاللىق،
شاخ - شاخىدۇر مارجانلىق.
سىنى سويگەن عاشقلار،
ھەر كوچىدا ھەيرانلىق.

ئوستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شىخى يالغۇز،
عەقللىق مىنىڭ يارىم،
يغلاب يۇرگىدەك يالغۇز.

ئوستەڭنىڭ تىگى لايدۇر،
دەسسىيسەم لىغرلايدۇ.
يارمنى خىيال قلسام،
يۇرۇگۇم جغلدايدۇ.

ئوستەڭنىڭ تىگى قانتىق،
چاپاى دىسەم كەتمەن يوق.
دەردمنى ئىيتاى دىسەم،
ئوزەمگە ئوخشاش دەتمەن يوق.

## ٤٨. ئاه يالارەى ناخشىسى

لەيلى مەجنۇن شاخ ئىگلدى،
يار ئىگلمەيدۇ ماڭا.

يه كيلب جينمنى ئالغل،
يه كوكۈل بەرگل ماڭا.

كەت ديسەڭ سەھرا كيتەى،
قالدى قەشقەرڭ ساڭا.
ئەليمگنى تولا تارتدم،
رۇخسيتڭ بارمۇ ماڭا.

ئيگز ئوگۈزەڭگە چقب،
شادليشكەن ئورگۈلەى،
تال چۈيقدەك تولغۇنۇب،
ميگيشكەن ئورگۈلەى.

قۇرغۇيۇم ئۇچدى قولۇمدن،
قايدا ميهماندۇر بۇگۈن.
دەخلى بەرمەگەلەر يارمغا،
كوڭلى پەريشاندۇر بۇگۈن.

مەن كيتەر بولدۇم يارم،
عەرزم بايان ئەيلەب كيتەى.
ميهريبانم قالدى دەب،
چوللەردە قان يغلاب كيتەى.

قارا قاش بولغان بلەن،
كەلمەيدۇر قيشمغا مينڭ،

بۇ مالامەت تاغلىرى،
سىرلدى بىشمغا مىنىڭ.

ئىككىمز بردىمەتلك،
باغدىكى غۇنچە ئىدۇك.
ئەجەب ئايرىدى خۇدايم،
ئايرلماس بز يار ئىدۇك.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يىغب ئوتكەن ئەمەس.
ئىككى عاشق بر بولۇب،
مۇرادىغا يەتكەن ئەمەس.

مەن بىلمنى باغلىدم،
قل بلەن ھەمسم بلەن.
سەن ئەقىدە باغلىساڭ،
عومرۇم ئوتەر سىنڭ بلەن.

يار يراقدا، بز فراقدا،
ۋەعدە يالغان بولمىسۇن.
خەلقى عالەم بر بولۇب،
يولدن چقارغان بولمىسۇن،

ئشىككە مەن كەلدم،
گۈل زاراڭزا تەرگىلى،

گۇل زاراڭزا بانە بولدى،
ئاي ئۇزۇڭنى كورگىلى.

ئاي ئۇزۇڭنىڭ شولىسى،
چۈشدى سىپلغا سايىسى.
خويما يىراق بولۇبتۇ،
ئىككىلەننىڭ ئارىسى.

## ٤٩. لەيلۇن يارەى ناخشىسى

ئاق بوز ئاتنىڭ قۇيرىغى يەرگە سورىلەمدىكى،
ئوزەمنىڭ مەعشۇقى بولسا، بىشمدن ئورگىلەمدىكى.

ياخشى ئاتقا ئىمىدى، شەھەر يولۇڭنىڭ ئارىسى،
ياختىدن يۇمشاق ئىكەن، ئىككى ئەمچەك ئارىسى.

ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە، دىگەن يەرگە يەتمەيدۇ،
ئەل يارىنى ماختايدۇ، بزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

تورۇق ئاتدا تورۇق بار، ئاق بوز ئاتدا قۇيرۇق بار،
سويسەڭ ياخشىنى سويگن، قيامەتدە سوراق بار.

ئاتلىرڭنىڭ ئچىدە منگىدەك ئىتىڭ بارمۇ،
يىنب ئارقاڭغا قارايسەن، يارغا برگىپڭ بارمۇ.

ئاتنى ئوينۇتۇب چقدۇق، قورغاسنىڭ غولى بلەن،
ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا، ھەر ئشنىڭ يولى بلەن.

ئېتمنى توقۇپ قويۇپ، ئاتنى مندىم قايرلدىم،
دۈشمەن سوزيگە كرب، مەن يارمدن ئايرلدىم.

ئېتمنى توقۇپ قويدۇم، شۇۋيرغان يامان قاردا،
بيشمغا هەر بالا كەلسە، خييالم تيخى سەن ياردا.

سەن ئيتىڭنى ئوينۇتۇپ، دۈشمەنلەرگە بات قلما،
سەن يارم مينى ديسەڭ، بولەك يارنى ياد قلما.

ياخشى ئاتنى مىنگەندە، ئالدم قولۇمغا قامچى،
يارمغا ياراشبدۇر، پوپۇش بلەن تزلامچى.

ئاتنى ساتميسام بولماس، دەردنى تارتميسام بولماس،
پۇلۇم يوق ديگەن بلەن، خوتۇن ئالميسام بولماس.

يامغۇرلار تولا ياغسا، ئويدن ئوتيدۇ تامچى،
مەن يارنى سيغنغاندا، پۇتۇم ئات، قولۇم قامچى.

## ٥٠. يارەى ناخشيسى

ۋاى ئاتلارڭنى هايدامسزلەر مۇزداۋان بلەن،
ۋاى بر ياخشينى قيينامسزلەر بر يامان بلەن.

ۋاى باردۇرمز، يانادۇرمز ياخشى قيلڭلار،
ۋاى ئيگزداۋان ئاشادۇرمز شوتا سيلڭلار.

ۋاى ئۇ تيغدىن بۇ تيغڭغا قۇرغۇى سيلشدۇق،
ۋاى قزل گۈل غۇنچيسيدەك كوكۈل ئيلشدۇق.

ۋای قزل-قزل قیاقلقدا قینالدم سزگه،
ۋای قزل گۆل غۆنچیسیدەك ئیگلدم سزگه.

ۋای ئەریباندن نیری دوستلار ئەگكەن بۆغدایم،
ۋای بر باخشینی بر یامانغا قوشقان خۆدایم.

ۋای سم-سم دەیدۆ، سم-سم دەیدۆ، سم-سم قوینۆمدا،
ۋای زەررە گۆناه مەلدە بولسا قلچ بۆینۆمدا.

ۋای ئۆیان ئوتەی بۆیان ئوتەی، چشگغا تیگەی،
ۋای ماڭا قویغان ئالمیڭزنی ئایلیڭز بیگەی.

ۋای ئۆقاتدا سەن، بۆ قاتدا مەن، قاچان كورەر مەن،
ۋای خۆدا بەرسە سینی یارم، بر كۆن سویەر مەن.

## ٥١. ئاللایەی ئاخشیسی

ئاسماندیكی ئۆچ ئودمك،
ئۆچیلیسی برخلدەك،
كچیكینه یارم بار،
ئیچلغان قزل گۆلدەك.

یار بولسا یاراشقیدەك،
دۆشمەنلەر ماراشقیدەك،
ئوزی ئۆیقیدا تۆرۆب،
ئویغۆنۆب كوز ئاچقیدەك.

يار يالغۇز ياتامدىكىن،
مەن بارسام قارامدىكىن،
خويما تولا سىغىندىم،
خىيال قىلىپ ياتامدىكىن.

ئاخشاملىقتا يار كەلسە،
بىر بەلگۈ ئىلىپ قالسام،
ھەرگىز تۈيمۈسۈن دۈشمەن،
يارنىڭ كەلمىگى ئاسان.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئورە تۇرالمايمەن،
باراي دىسەم يول يىراق،
ۋاختىدا كورەلمەيمەن.

بۈگۈن كىچە چۈش كورسەم،
چۈشۈمدە مەيدەم ئاغرىتۇ،
يار مەندىن يامانلايتۇ،
نىمىدىن كوڭلى ئاغرىتۇ.

يار بار مەلىگە بارسام،
يۈرۈگۈم پوكۇلدايدۇ،
دۈشمەنلەر مىنى كورۈپ،
خويمىغۇ كوتۈلدايدۇ.

بۇگۇن كيچە چۇش كورسەم،
چۇشۇمدە يولغا بارغۇم بار.
قولۇمغا پچاق ئيلب،
يۇرەكيگە سالغۇم بار.

قوليغا پچاق ئالغان،
ئوغۇل باليلق ئەمەس،
عاشق تۇتقان ئەرلەرما،
پچاقلارغا بوى بەرمەس.

يينمغا پچاق ئاسلم،
ئينك چوكيسى دەندان،
ئوينيميساك ئوينيما،
سينگدەك چوكان چەندان.

ياغاچ پچاق ئاسقانلار،
بازارغا كيلەلمەيدۇ،
يالغۇزلا پچاق بلەن،
چوكاننى ئالالمايدۇ.

پچاقنى سالاى ديسەم،
يارم قولۇمنى تۇتدى،
ئەگمە قيشينى ئيتب،
مينك كوڭلۇمنى ئۇتدى.

سارغايغان كوكاتلارنك،
سايىسى بولامديكن،
يارغا كويگەن يۈرەكنك،
تازيسى بۇلامديكن.

ئاق يارغا ساراي سالدم،
مەخمەل بلەن ياپتۇردۇم،
سەفەر كەتكەن يارمنى
خۇدايمغا تاپشۇردۇم.

## ٥٢. دوستلارم يەى ئاخشيسى

كەفتەتال هەم كەفتەتال، كەفتەتالدا كەفتە بار،
كەفتيرگنى بەرميسەك، جينك قۇرۇب ئولۇب قال.

يارنك يينيدا باغدا، بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
خۇدا قوشقان كوكۇلنى دۇشمەن قانداغ ئايرييدۇ.

هاۋا تۇتۇلۇب قاپتۇ، ئوگۇزيدە قار بارمۇ،
عالەمنى كيزب كەلدم، سەندەك ياخشى يار بارمۇ.

ئالتە شەهەردە بارميكن، سەن يارمدەك ئاى چراى،
ئيلاندەك تولغۇنۇب چقساك، قانداغ سەندن ئايرىلاى.

ئالتۇن بلەن رەعنانى، مەن يارغا تۇتاى دەيمەن،
مەن بولسا خيريدارى، بر قەترە يۇ تاى دەيمەن.

ھاۋادىكى لاچىننىڭ بىشىدا تۇماغاسى،
بىر سۆيۈپ قويۇڭ يارىم، جىنىمنىڭ ساداغاسى.

قىز بالا دىگەن نەرسە، توگا ئەگىنىنى كىيسە،
بوينىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، شىرىن لەۋىگە سۆيسە.

چىچىڭ نىمە ئۇسمەيدۇ، تارىمايسەن ئۇسمەيدۇ،
يارىڭ نىمە كەلمەيدۇ، چاقىرمايسەن كەلمەيدۇ.

قىزىل گۈل ئىشىتمەيدۇ، بۇلبۇلنىڭ ساداسىنى،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر، بىر كۆرسەم جامالىنى.

ئۈچ ئاگدىكى پەشمەتنى، بىر يىللىق بولا دەمسەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىم سەن، ئايرىلسا ئۆلە دەمسەن.

## ٥٣. نازىرگۈل ناخشىسى

يارىمنىڭ بويى زىبا،
زىبا بويىدا گۈل بار،
شىرىن سۆزلىرى تاتلىق،
ئايدەك يۈزىدە خال بار.

قىشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاۋەتتىڭىز،
يوقىمىدى ئۇياتىڭىز،
زار-زار قاقشاتتىڭىز.

قۇشقاچلا ۋيچرلايدۇ،
قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ.
يۈرەكلەر جغلدايدۇ،
يارم كەلگەن ئوخشايدۇ.

چلان باغقا كرمەيمەن،
چلان باغدا ئيلان بار.
يار قيشيغا بارمايمەن،
يارنڭ بولەك ياري بار.

دەرۋازاڭ عەجەب يۇغان،
ئلب قويغيلي بولماس.
كشينڭ قوليدا يارم،
سويۇب قويغيلي بولماس.

ئشكني قييا ئاچقن،
ئۆزۈڭني كورۇب ئالاي.
قولاقڭدن تۇتۇب تۇرۇب،
ئاغزڭغا سويۇب ئالاي.

ئشككە چقيۋاپسەن،
سەن كوزۈڭني ئوينۇتۇب.
سينڭ بر خييالڭ بار،
مەن غيربني قاقشيتب.

يارنڭ بيغيغا كرب،
تۇرۇك ئرغيتاى يارم:
تۇرۇك ئۇچيدا تۇرۇب،
سينى يغليتاى يارم.

كويۇب كۈل بولميغان ئيدم،
يينب ئوت بولميغاى ئيدم.
ساڭا بەرميسەم كوڭۈل،
مۇنچە بولميغاى ئيدم.

كورۇنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنيدا ياغدى قار.
ئايريلب كيتەى ديسەم،
كچكلكدە تۇتقان يار.

كورۇنگەن قارا تاغلار،
ئارقيسى ئينك باغلار.
بزنڭ يار كچك باللار،
بيليغا دۇردۇن باغلار.

مەن بيغڭنڭ تيشيدا،
سەن بيغڭنڭ ئچيدە.
بسەندەك نەچچە چوكانلار،
رومالمنڭ ئچيدە.

ئومیگزنی مەن ئوردۇم،
ئونچیگزنی سابلیمای.
یینیگزدا یار تۇتدۇم،
ئوتیگزغا پایلیمای.

شەهەردیکی بایلارنڭ،
ئککیدن سارایی بار.
بزنڭ قارا کوز یارنڭ،
ئالتۇندەك چرایی بار.

## ٥٤. نەچچگگە بولاى خانم ناخشیسی

ئوگۇزەگگە ئیلان چقدی،
یەلپۇنۇب جۇگان چقدی.
کیگەشنی پشۇرغاندا،
ئسمائیل دۇگان چقدی.

قۇشقاشچە مینڭ جانم،
نەچچگگە بولەی خانم،
نەچچگگە بولۇب کەلسەم،
یەتمەیدۇ مینڭ جانم.

یان یەرگە سارای سالدم،
شامال کەلسە داللدا دەب.

ئارزۇلاپ سینی ئالدم،
قز-جۇگاننڭ ئالدی دەب.

ئوییمز شامال باغدا،
بارسیلا تاپالاملا،
ئشك بیشیدا ئاچقۇچ،
ئشكنی ئاچالاملا.

دەریا بویی قومۇشلۇق،
ئینڭ تۈزیدە قورای،
مەن ساڭا كویۈب قالدم،
ئیرڭ بار میكن سورای.

سیرق چیچەك سایدا بار،
سزدەك جۇگان قایدا بار،
سزدەك جۇگاننی سویسەم،
قیيامەتدە فائیدا بار.

مینی مۇندا قویامسەن،
ئوزەڭ ئاندا بارامسەن،
ئاتام سالغان بیغمدا،
ئویناتقیلی قویمامسەن.

ئاسماندا ئۇچۇب یۈرگەن،
بر بالغۇز قارا قاغا،

بارساڭلا سالام دەگلا،
بزنى سوريغان يارغا.

كيچە بولسا ياتمايمەن،
پەنجىرەگدەن پاتمايمەن.
راس گىپىڭنى ئېيتمامسەن،
سينىڭ دەردىڭنى تاتمەيمەن.

بايتۇقاينىڭ يوليدا،
ئالا ئودەك ئزى بار،
ئون بيشى ئاكام ئوييدە،
ئوتتۇز ياشدا قزى بار.

سز مينى كچك ديمەڭ،
سەكرەب سوييمەن سزنى.
هەر قانچە كچك بولسام،
ئوتقا ساليمەن سزنى.

## ٥٥. ئاللا يارم ناخشيسى

ئاللا يارم خىياليڭز ئەنجانچە بولكمۇ،
كچكلكدە ئويناب ئيدۇق ئەندى يول يوقمۇ.

ئاللا يارم خىيالڭنى بلب بولمايدۇ،
سيلەر يۇرگەن كوچيلاردا يۇرۇب بولمايدۇ.

قارچیغینڭ بالیلیری،
یاتۇر ئالتۇن ئۇگیدا.
ئەندی بارسام تونیمایدۇ،
یاماق، ئەسکی جۇگیدا.

جانم بوز ئات، خانم بۇز ئات،
بوینۇڭنی ئۇزات.
بۇگۇن کیچە یارقیشیغا،
یەتکۇزگۇن بوز ئات.

بۇگۇن کیچە یار قیشیغا یەتکۇزسەڭ بوز ئات،
باشکینەڭدىن يۇگەن ئیلب، قویارمەن ئازاد.

تەقدر ئاللا-تەقدر ئاللا حالم قالمیدی،
یار قیشیغا بارار ئیدم، توخۇ چللیدی.

سوریساڭلار شۇ توخۇدن نەدەب چللیدی،
قونیغیدن ییقیلب چۇشۇب، بوینی سۇنمیدی.

باردی دەیدۇ، یاندی دەیدۇ مینڭ یارمنی،
ئیگز داۋان ئاشدی دەیدۇ، بویی تالمنی.

ئیگز داۋان ئاشمیغۇنچە قارا کورۇنمەس،
قارا یورغا منمیگۇنچە چوللەر کیزلمەس.

قارا یورغا باریدا قاناتلق ئیدم،
تاغدا کییك یاپاق بولسا، مەن ئاتلق ئیدم.

قارا يورغامنى ئولتەردى قارا قل قامچى،
ئيگەر-توقۇم يولدا قالدى، بيلمدا قامچى.

قزل سۇنك بيلقليرى قازاندا قاينار،
حارام زادە باينك قزى قوينۇمدا ئوينار.

ئاتليرمنى قويۇۋەتدم كوكۇ بۇلاققا،
بزنك غازلار چقديميكن جيگن بۇلاققا.

بۇ يولدا ئوكسيمەيدۇ تۇققۇز تارالق،
مەن يارمدن ئايرلغيلى كوكلۇم قاريلق.

ئاتام مينى تاشليۋەتدى ئەسكى چالما دەب،
ئانام بولسا باقار ئيدى قزل ئالما دەب.

ئاتام مينى چاكا بيرب، يامبۇ تاپامدۇ،
مۇشۇ كۇندە ئولۇب كەتسەم قۇمدن تاپامدۇ.

## ٥٦. گۇل مەعشۇق قوشيغى

مينك يارم عەجەب رەعنا،
عەجەب رەعنا ئوزى خۇشخۇى.
بۇ گۇن تۇندە باريمەن،
ئشكنى تاقيماى بوش قوى.

گۇل مەعشۇق ديگەن بلەن،
ئوقەت قاليدۇ چەندە.

كچيكينه قارا كوز،
يغلاب يۇرگيدەك چەندە.

بر كيچە قونۇپ قالدىم،
ئورۇلگەن تيمگلاردا،
بارساك سالام ئيتقن،
قارا كوز يينگلاردا.

قلۇيدن بوران بولسا،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ.
جينمنك خوشنيسى دۇشمەن،
مينى كمدن سورايدۇ،

تاققا چقدم ئرادە،
يينب چۇشدۇم پييادە.
كچيكنه يارم بار،
قزل گۇلدن زيبادە.

چۇغلۇق گۇلليرى تاغدا،
ئيچيلبنۇ هەر ياندا.
بەشنچى باهار ئايدا،
مەن يارم بلەن باغدا.

ئودەك بلەن كەررەگنك،
سۇ چيچشقينى خوبدۇر.

عاشق بلەن مەعشۇقنىڭ،
كوز بيقشقينى خوبدۇر.

گۈللەر ئيچيلب تۇرسا،
بۈل-بۈل سايريشب تۇرسا.
برى عاشق، برى مەعشۇق،
بر-بريگە قاريشب تۇرسا.

## ٥٧. يولەن ناخشيسى

I

هاى هاى يولەن هاى يولەن، گۈل قايدا بار،
بر ياخشيغا بر يامان هەر جايدا بار.

هاى هاى يولەن هاى يولەن بارمۇ حايات،
قارچيغيدەك بويۇ گغا، بولدۇم ساياد.

هاى هاى يولەن هاى يولەن هاى نە قلاى،
خەنجەر ئيلب يۈرەكنى پارە قلاى.

هاى هاى يولەن هاى يولەن قار كيليدۇر،
بەرگى غازاڭ تونني كييب يار كيليدۇر.

بەرگى غازاڭ تونينىڭ بەرگى تولا،
قز ئالميغان يگتنىڭ دەردى تولا.

قارا-قارا قاغيلار خامانديدۇر،
قز ئالميغان ييگتلەر ئارمانديدۇر.

قزل-قزل پييازنڭ پوستى تولا،
ئويلەنميگەن ييگتنڭ دوستى تولا.

ئالا-ئالا كوكينەك پاقا ئالۇر،
ئويلەنميگەن ييگتلەر خاپا بولۇر.

ئاق-ئاق نۇرغاي ئاق قۇشقاچ چاپ-چاپ قلۇر،
ئويلەنميگەن ييگتلەر تويغا كيلۇر.

سيرق-سيرق، سيرق قۇش هۇ-هۇ دەيدۇ.
ئويلەنميگەن ييگتلەر ئارمان يەيدۇ.

ييشل-ييشل كوك قاغا تاغدا ياتۇر،
ئويلەنميگەن ييگتلەر قايدا ياتۇر.

ييگت كوڭلى خۇش بولۇر خوتۇن ئيلب،
قز كەلگەندە ئۇخلاشۇر ئورۇن سيلب.

ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا.
ئويلەنميگەن ييگتلەر تويدا تولا.

شلدر-شلدر قومۇشقا سرغام چۇشدى،
سنالميغان ييگتكە سڭلم چۇشدى.

ياخشى-ياخشى موللاملار نكاح قلڭ،
كۇن ئولتۇرۇب، كەچ بولدى، قزنى بيرڭ.

II

يغليما قز، يغليما قز تويۇڭ بولدى،
ئالتۇن گۇللۇك كوشۇگە ئويۇڭ بولدى.

ئاۋۋال باشلاب خۇدانى ياد ئيتيلى،
مۇحەممەدنڭ رۇحينى شاد ئيتيلى.

يغليما قز، يغليما قز خۇش بولۇرسز،
قارچيغيدەك ييگتكە توش بولۇرسز.

يغليما قز خوشال بولغل تويليشكدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۇل ييگت ئوينيشكدۇر.

ئالتۇن بويلۇق ييگت بلەن بويليشۇرسز،
بر ئورۇننڭ ئچيدە ئوينيشۇرسز.

يغليما قز فەريدۇندەك بەختڭ بولۇر،
ئالتۇن گۇللۇك كوشۇگيدە تەختڭ بولۇر.

يغليما قز بۇ گۇن ساڭا بەخت بيقبدۇر،
كوشۇگەڭگە ئالتۇندن ميخلار قيقبدۇر.

ئاپتاۋيدا سۇ قۇيسام ئليمايدۇر،
قز ئانيسى ئوگەيميكن يغليمايدۇر.

III

كچيكنه قارا كوز ۋاى بالام، ۋاى بالام.
تلى تاتلق شيرن سوزلۈك ۋاى بالام، ۋاى بالام.

مەن بالامنى بەرمەتدم ۋاى بالام ، ۋاى بالام.
ئاخچيسينى ئالماتدم ۋاى بالام، ۋاى بالام.

بالام مەندن ئايرلدى ۋاى بالام، ۋاى بالام.
قاناتليرم قايرلدى ۋاى بالام، ۋاى بالام.

ئويده يالغۇز قالارمەن ۋاى بالام، ۋاى بالام.
كەلسه تارتب ئالۇرمەن ۋاى بالام، ۋاى بالام.

ئون بەش ياشقا يەتميگەن ۋاى بالام، ۋاى بالام.
ئۇرسام ئويدن كەتميگەن ۋاى بالام، ۋاى بالام.

ئۇچۇب كەتدى ئويۇمدن ۋاى بالام، ۋاى بالام.
غايب بولدى كوزۇمدن ۋاى بالام، ۋاى بالام.

بالام بيرب ئۇخليغاى ۋاى بالام، ۋاى بالام.
بالامني حەق ساقليغاى ۋاى بالام. ۋاى بالام.

شۇكقارمنى قاچۇردۇم ۋاى بالام، ۋاى بالام.
خۇدايمغا تاپشۇردۇم ۋاى بالام، ۋاى بالام.

# مۆحەبەت قوشاقلیری

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
مولجا قىلىمەن جايىنى.
يار يادىمغا كەلگەندە،
ئچمەي قوپىمەن چايىنى.

ئەللە ھەر نىمە دەيدۇ،
بر قارا كورۇنگەننى.
ئەقلى بولسا ئۇخامدۇ،
ملڭ ئولۇب، ترلگەننى.
ناخشىنى تولا ئىيتسام،
ئەل مىنى ساراڭ دەيدۇ.
ئوزەمنىڭ ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

مەن ئوزەم كچك چاغدا،
كالا باقىمەن تاغدا.

بۇلبۇل سايرىغان چاغدا،
مەن يارم بلەن باغدا.

قزل گۈل تارام-تارام.
دولىتم ئاتا-ئانام،
يار دىگەن كوڭۈل خۇشى.
ترلمەيدۇ ئاتا-ئانام.

يار دەيسەن، يانا دەيسەن،
يار قەدرىنى بلمەيسەن.
يار قەدرىنى بلگەندە،
تاڭ سەھەردە يغلايسەن.

مەن يتمغا كم قويۇبتۇ،
سودىگەر يار تۇتقىنى.
سودىگەر سودىغا كەتسە،
ئۇلتۇرۇب قان يۇتقىنى.

يارم ئۇسۇل ئوينايدۇ،
ئورۇلۇپما، چورۇلۇب.
شۇنچە ئەلنىڭ ئچىدە،
قزل گۈلدەك كورۇنۇب.

ئاقسۇ يولى مۇز داۋان،
مۇز داۋاندا بر جۇگان.

ئۇ جۇگاندن حال سوريسام،
ئوز ياريدن ئايرلغان.

قولۇمغا سوقۇۋەتدى،
باڭ-باڭزا بلەن تورتنى.
عاشق دەب ئۇنارمەنمۇ،
قەدر بلميگەن دوتنى.

زيمستان كورميگەن بۇلبۇل،
باهارنڭ قەدريني بلمەس.
جاپانى چەكميگەن عاشق،
ۋافانڭ قەدريني بلمەس.

كوك قومۇشقا ئوت قويسام،
مەن ئۇنى كويمەس ديدم.
ئوزى ئاق، كوڭلى قارانى،
مەندن ئايرلماس ديدم.

سەن عيزيز ئەتكەن قۇلۇڭنى،
خار ئيتەلمەيدۇ كشى.
سەن ئەگەر خار ئەيليسەڭ،
هەر جايغا بارسا خار كشى.

بر قاراڭغۇ باغ ئچيدە،
برگينە زيلۋا تيرەك.

بۇ سىنىڭ زىلۋا بويۇڭغا،
گۇل ئارا دىيەچا كىرەك.

كىچە يىتىپ چۇش كوردۇم،
تولغان ئاي قوينۇمدا دەپ.
ئاھ دەپ ئويغۇنۇپ كەتتىم،
پارە يۇرۇگۇم كويدى دەپ

چىنە-چىنە سۇ ئىچەرمەن،
كويۇگۇم پەسلەرمۇ دەپ.
بۇ بىيىتنى سىزگە ئىيتتىم،
دۇنيانىڭ چىچىگى دەپ.

قارا قۇش ئىغىر نىمە،
كوتەرگىلى بىلەك كىرەك.
ھوسمىسى يەڭدەك جۇگاننى،
سويگىنى يۇرەك كىرەك.

ئۇزى ئاق، كوڭلى قارا،
خۇش دەرد ئەلەم قىلدى ماڭا،
قىلغىنىڭ كوڭلۇڭدە تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

بارىسەن بىر-بىر بىسىپ،
دەريا سۇيىدەك ئايرىلىپ،

مۇنچيما باغرڭ قانامۇ،
باقميدڭ بر قايريلب.

مەن ئوزەم ئۇستا بولۇب،
ساللم ياغاشقا رەندينى.
كمگە ئيتب كمگە يغلاى،
بى ۋافانڭ دەردينى.

ئاق بيلق، ئاپپاق بيلق،
ئافتابدا يانقينڭ قينى.
مينى يامان دەب بيرب،
ياخشينى تاپقينڭ قينى.

ئزليمەس كوڭلۇم مينڭ،
بار ئزليگەننڭ يارى بول.
كم سينى يارم ديسە،
بيرب شۇنڭ گۈلزارى بول.

چوڭ بۇغرا كچك بۇغرا،
يارنڭ منگينى يورغا.
يارنى كەلگيدەك دەيدۇ،
چقب تۇرارمز يولغا.

بارغينى باردۇر خيالم،
يالغينى يوق تاقيتم،

يارمنى سيغنغاندا،
ئۇچقينى يوق قانيتم.

كەلميدى يار كەلميدى،
نە بولدى يارم كەلميدى.
ئيتينىڭ ئاياقى سۇندى،
باھانا بولدى كەلميدى.

ئيتينىڭ ئاياقى سۇنسا،
ئات ئيلب منمەسميدى.
يارنىڭ كوڭنى ياردا بولسا،
بر كيلب كورمەسميدى.

يارمنى كەپتۇ ديسە،
يۈگرەب چقاى بيشم بلەن.
يارم ماڭغان كوچيلارغا،
سۇ سيپەى ييشم بلەن.

ئالميلق باغقا كرب،
بر ئالمينى يەرمۇ كشى،
ئالميدەك يارى تۇرۇب،
ديۋانينى دەرمۇ كشى.

كيتب بارغان ئايلامنىڭ،
تۈگميسى قاتار-قاتار.

تۆگمیسینی یەشکیچە،
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتار.

های ئایلا جۇگان ئایلا،
مینىڭ مەیلمگە باقساڭچۇ.
سینىڭ مەیدەڭ داۋا بولدی،
کیلىپ مەیدەڭنی یاقساڭچۇ.

ئەل مینی یامان دەیدۇ،
بلمەیمەن یامانلقنی.
مەن ئوزەم یتیم ئوغۇل،
تلەیمەن ئامانلقنی.

سای بلەن یۇگرەپ ئیدم،
سایدی ئایاقمغا تکەن.
نیمە دەپ یۇگرەپ ئیدم،
یار قایریلىپ باقماس ئیکەن.

باغدا بر گۇل بار ئیدی،
شیخیدا بۇلبۇل سایریدی.
زەپ خۇدانىڭ تەقدیری،
یارمنی مەندن ئایریدی.

ئاسماندیکی بوز تورغای،
سایریمیساڭ نە بولغای.

كچيكينه يارمنى،
قيينيميساڭ نه بولغاى.

ئاغرب ئيدم ئولگينى،
يارم كەلدى كورگينى.
قوپقيدەك مادارم يوق،
يارغا تازم قلغينى.

ئاينى ئاسماندا ديسەم،
تار كوچيدا ئاى بار ئيكەن.
سينى چرايلق ديسەم،
سەندن چرايلق بار ئيكەن.

بر ياخشى ئيتم بولسا،
تاغدا ئوليمايمەنمۇ،
كوڭلۇمديكى يار بولسا،
بيتب ئۇخليمايمەنمۇ.

كاككۇ گۇمنڭ ئۇنينى،
قەشقەردن ئاڭلاب كەلدم.
يارم بەرگەن پوتينى،
بيلمغا باغلاب كەلدم.

گۇل تيريدم كورسيله،
هوسما تيريدم كورسيله.

بر قويۇم هوسما بيرەى،
بوينۇم قۇچاغلاب سويسيلە.

تاقتا چقدىم تال ئۇچۇن،
قورغۇى باليسى بار ئۇچۇن.
ئوتقا سالسا كويمەس ئيدىم،
ئوتسز كويدۇم يار ئۇچۇن.

دوسقا دوس قلديك مينى،
دۇشمەنگە دوس قلديك مينى.
سۇرە ياسننى ئوقۇب،
ئايرلغۇسز قلديك مينى.

ئاق تاشنى ئيگز دەيدۇ،
ئاق بوز تاشقا يەتمەيدۇ.
ئەل قزينى ماختايدۇ،
هەجەرخانغا يەتمەيدۇ.

كەتدى دەب كوڭلۇڭنى بۇزما،
كەتميسەم نالەت ماڭا.
ئالتى تال قارا چيچمدىن،
ئوزگيسى دۇشمەن ماڭا.

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،
كم سيلبتۇ قاغيغا.

ئالته قاغا بر بولۇب،
ئالدى قۇشۇمنى ئاريغا.

ئورۇكلەر پشب قابتۇ،
تۇۋيگە چۇشۇب قابتۇ،
جينمغينا شۇ يارم،
چۇشۇمگە كرب قابتۇ.

خۇش بەختى ساعاديتى،
كشى جانانيغا يەتسە.
چيكب جەۋرى جافالارنى،
كوزى مەستانيغا يەتسە.

ئاه ئۇرارمەن، ئاه ئۇرارمەن،
ئاهليرم ئۇتقاى سينى،
كوز ييشم دەريا بولۇب،
بيلقليرم يۇتقاى سينى.

چينينى بەرمەك ئادانغا،
ئوبناب-ئوبناب سۇندۇرۇر.
بيۋافا كشينك يارى،
قاچان كوگۇلنى تندۇرۇر.

كەتمەكچى بولۇب قالدم،
كيتەمسەن مينك بلەن.

تورت كۇنلۇك شۇ عومرۇمنى،
ئوتكۇزەى سينك بلەن.

قانار-قانار قاغيلار،
يارمغا سالام دەگلا.
كوزۇم تويسا تويغاندۇ،
كوگلۇم تويميدى يارغا.

دەريا ياقيلاب ماگسام،
توغايلارنك مونچيسى.
كچيكينه يارم بار،
قزل گۇلنك غۇنچيسى.

گۇلميدى، غۇنچەميدى،
يارم سينك بيشگديكى.
كيچيلەب تونالميدم،
كملەر ئيدى قيشگديكى.

يارسز عۇمرۇم مينك،
مك ياشيسام بر كۇنچه يوق.
عشق ئوتينك ئالديدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچه يوق.

يار بلەن بارايمۇ مەن،
يوليدا قالايمۇ مەن.

شۇ ياماتليغان يارنڭ،
كوڭلينى ئالايمۇ مەن.

سەن قاياقدن كيليسەن،
مەن يغليسام سەن كۈليسەن.
بارچە ئشنى بليسەن،
ئوتقا سبلب كويدۈريسەن.

بۇل-بۇل ديگەن بر قۇشدۇر،
سايريسا ئۇنى خۇشدۇر.
بەش كۈنلۈك شۇ عالەمدە،
يار بلەن كوڭۈل خۇشدۇر.

كۈرەدن چققان هارۋا،
يانبۇلاقتا ياماشدى.
ئانامنى خييال قلسام،
ماڭا يغا ياماشدى.

ئاق ئالما قزل ئالما،
چيچكغا جالا سالما،
ئاكام سبنى ئالمايدۇ،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

قامچام سيپى ئرغايدۇ،
تكلەپ قويسام تۇرمايدۇ.

دوديشاڭدىن قز ئالسام،
قيچب كيتب تۇرمايدۇ.

مەن يارمنى ناپار مەن،
ئانار گۈلنى ئۈزەرمەن.
مەن يارمنى تاپقاندا،
مۇراديمغا يېتەرمەن.

ئالما گۈلى قسماڭلار،
توزۇب كيتيدۇ يەرگە.
چرايلقدن يار تۇتماڭ،
تيگب كيتيدۇ ئەرگە.

ئشك ئالديك بۇيادۇر،
شلدر ئەتسەڭ تۇيادۇر،
نازۇك سينڭ بليگڭ،
تۇتماى تۇرۇب سۇنادۇر.

قزيرب تەڭگە سغمايمەن،
ميگەر كورسەم جامالڭنى،
جاهان خەلقيغە بەرمەسمەن،
سينڭدەك جورى خانمنى.

ئاق باليخاندەب ئيتمايمەن،
سم كارۋەتدە ياتمايمەن.

سم كارۋەتدە يانقاندا،
بر گيپم بار ئيتمايەن.

تيرەكسز هۆيلىغا كرسەم،
بيشمغا ئافتاب ئوتدى.
بويۇگدن ئورگۆلەى يارم،
سينك قەدريك ماڭا ئوتدى.

دەردى بار بوستاندا ياتقۇنچە
چول بەياۋان ياخشيراق.
قەدرى بلمەس ئاديمدن،
بلسە حايۋان ياخشيراق.

يارمنى ئاغرق دەيدۇ،
مەن بيرب كورەيميكن.
ئاغرق بولسا، بولميسا،
بيشيدن ئوريلەيميكن.

ئاق گۇلۇم، قزل گۇلۇم،
عەجەب ۋاخدا غازاڭ بولدۇڭ.
مينى چوللەرگە تاشلاب،
ئوزەڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

قاريسام كورۇنمەيدۇ،
غالجات غولينك بيشى.

ئاه دیسەم ئاۋال کەتدی،
قارا کوزۇمنڭ ییشی.

ئیگز ئویمان ئوگۈزەگدە،
مەن یاتمایمەن ئوزەڭ یات.
یار دەردی مانداغ بولسا،
یار تۈتمایمەن پەندییات.

هاراق ئچیدۇ دەیدۇ،
نەشە چیکیدۇ دەیدۇ،
ئەللە هەر نیمە دەیدۇ،
دەرد کەلگەننی بلمەیدۇ.

قاشنی قاشقا ئولیسا،
ییتەمدۇ قاشنڭ بوییغا.
خۇدایم سیلب قویۇبتۇ،
قارا قاشنڭ کوییغا.

یامانلق ئەیلیمەڭ یارم،
بۇگۈن تاڭلا قییامەتدۇر.
یامانلق ئەیلیگەنلەرگە،
قییامەتدە نادامەتدۇر.

یار مەندن یامانلابتۇ،
ئییتقان سوزلیری ماقۇل.

بىرب ئىيتك يارمغا،
مەن يارمغا ناماقۇل.

مىنىڭ ئىككى يارم با،
برى عالم، برى زالم.
برىگە ئانچە مەيلم يوق،
برى كوڭلۈمدىكى يارم.

بۈگۈن ئۈچ كۈندىن بىرى،
يارىنى كورمەيدۈ كشى.
كورۈب كورمەسكە سالسا،
ترك ئولمەمدۈ كشى.

باقىا كرمەكلك ئاساندۇر،
جورا بولغاندىن كيىن.
يارنى سۈيمەكلك ئاساندۇر،
مەيلى بولغاندىن كيىن.

ئيلى دىگەن يەرلەردە،
ئۈن تاسقايدۇ لەڭزىدە.
كچيكينە يارم بار،
قان تاميدۇ مەڭزىدە.

چەكمەيسەن تاماكاڭنى،
يوقميدى چلم غاڭزاڭ.

ئزلەيمۇ تاپالميدم،
نەديدۇر سينڭ پاكزاڭ.

ئيگز ئوستەڭ بويىدا،
يار بلەن ياتدم ياليڭاچ،
قار بلەن يامغۇر ييغبتۇ،
كەل يارم قوينۇڭنى ئاچ.

مەن قاچان چوڭ بوليمەن،
يارم بلەن تەڭ بوليمەن.
گيپيگە گەپ ياندۇرۇب،
دەرديگە دەرمان بوليمەن.

يار ئشيگيدە تۇرۇب،
بر جلۋە قلاى دەيدۇ.
يۇز مڭ هيليلەر بلەن،
كوڭلۇمنى ئالاى دەيدۇ.

ئالما گۇليدەك يارم،
خينە گۇليدەك يارم.
مەن ساڭا نيمە قلدم،
جينمغينا شۇ يارم.

كەتمەكچى بولۇب قالدۇق،
مالچيلار بلەن تاققا.

بزنڭ يار چقب كەلسە،
كەنجە بيپينب باققا.

هاۋاديكى لاچننى،
قل بلەن تۇتاى دەيمەن،
مەعشۇغۇم چرايلقنى،
سۇ بلەن يۇتاى دەيمەن.

قارچيغام ئۇچۇب كەتدى،
پەليمنڭ يوقيدن.
قارا كوز كيتب قالدى،
تەليمنڭ يوقيدن.

دۇتارڭنى ئاستا چالغن،
ئاق بلەكڭ تالميسۇن.
سويسەڭ ياخشينى سويگن،
ئارمان يورەكدە قالميسۇن.

باغۋەنچى بيغڭنى ئاچقن،
مەيلى بار يارنى كورەى.
سايدا كوزى خۇما،
مەستانە يارمنى كورەى،

ئيلىخو ديگەن يەردە،
شايى چاپان بەش تەڭگە.

ئازار بەرمەڭ كوڭلۈمگە،
شيرن جينم مڭ تەڭگە.

بارساڭ يار بيرب تۇرغن،
ئارقاڭدن ييتيشەرمەن.
يامان ئيرڭدن قوقساڭ،
خاليدا تيپيشارمەن.

يار منگەن تورۇق ئاتنڭ،
ئوڭ قۇليغيدا ئەن بار.
قورقماى چقن تالاغا،
ئشك تۇۋبدە مەن بار.

هاۋاما هاۋاميدۇر،
قار يامغۇر ياغاميدۇر.
قز ئۇچۇن يگت ئولمەك،
شەرڭدە راۋاميدۇر.

ئاه دەريغا دەردى بلەن،
مەن ئادا بولدۇم نيتەى.
زەررە گوهەرنى يۇتۇردۇم،
تاپميدم ئولدۇم نيتەى.

خويما ماڭدم بۇ يولدا،
لاچن سوقان توشقاندەك.

كەچ كرسە تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بلەن قيرشقاندەك.

كويۇمەنا كويۇمەن،
قيشى قاراغا كويۇمەن.
قيشيغا قاراپ تۇرۇپ،
شيكەر ليۆيگە سوييمەن.

ئەرزى قلاى خومار كوزگە،
خوما كوزنىڭ سوزى ئوزگە،
دەردىڭدە تولا يغلاپ،
سالام ئيپتاى جينم سزگە.

ئيگز دوڭنىڭ يينيدا،
خويما بوپتۇ ئالميلا.
ئالميدەك يارى تۇرۇپ،
يامانني سويگەن لالميلا.

ئامرات بلەن ئوينايمەن،
باى مينىڭ خلم ئەمەس.
پۇل تاپسا ئوزى تاپقان،
تيگينى بولۇپ بەرمەس.

چريغڭنى ياندۇرۇپ،
قويدۇڭ موراڭنىڭ بيشيغا.

مەن ساڭا بر گەپ قلاى،
قيرى ئاناڭنڭ ئالديدا.

باققا كردم كيچيلەپ،
سيكيلەكنى ييتيلەپ.
گۈل تۈۋيدە سويۈپ ئالدم،
سيكيلەكنى ميكيلەپ.

ئەنتم بارەى ئەنتم بار،
يانچۇغۇمدا قەنتم بار.
يار ئايريلىمەن دەيدۇ،
ئايرلماسقا شەرتم بار.

يارم بەردى بەش ئالما،
بەشيليسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چوچۇپ ئوخانسام،
يارم قولى بوينۇمدا.

قيشڭ قارا بولغۇنچە،
كوزۈڭ قارا بولمامدۇ.
ماڭا شاللاق ئۇرغۇنچە،
ئۇزۈڭ قارا بولمامدۇ.

ئاخشامقى حارامزادە،
يارم بلەن گەپلەشدى.

گەپ قلماي قويۇپ بەرسەم،
ئويناپ ھەددىدىن ئاشدى.

يۇقۇردىن چۈشۈپ كيلپ،
پەنجيرەگىدىن تاش ئاتدم.
يارم سز ئوخلاپ قاپسز،
تەمبۇر چيلپ ئوخاتدم.

ﻫ ئالمۇتيغا بارمايمەن،
سايدا پۇتۇم ئاغريدۇ.
قەشقەرديكى يارمغا،
ئەندى ئچم ئاغريدۇ.

ئيتم ئۇركۈپ كرمەيدۇ،
غازى بارميكن كولدە،
قچقارساما چقمايدۇ،
ئيرى بارميكن ئويدە.

بۇ تاغلا، ئيگز تاغلا،
تيشى بار، توپيسى يوق.
ۋەديسيدە تۇرميغان يارنڭ،
دەردى بار ۋافاسى يوق.

ھاۋاديكى لاچننى،
تور بلەن تۇتاي دەيمەن.

ئالتۇن قارا كوز يارنى،
سۇ بلەن يۇتاي دەيمەن.

عەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پچاق ئىلب،
يۇرەكنى يارغىدەك بولدۇم.

ئشىگكدىن ئوتدۇم مەن،
ئوتكىنمنى تۇيدىڭمۇ؟
توخۇ ئككى چللىدى،
بر چقمايسەن ئولدۇڭمۇ!

سەن قاچان كەلدىڭ ئشككە،
مەن بلب ئاه ئۇرمىدىم.
چققىنى چاره تاپالماى،
ئولتۇرۇب قان يغلىدىم.

ئشىگكدىن ئوتسەم مەن،
تەمبۇرۇڭنىڭ ئاۋازى.
يۇرۇگمنى كويدۇرگەن،
كوينىگكنىڭ پەرۋازى.

ئشكنىڭ ئالدىدا سىدە،
ئانقا سىب بىرەى بىدە.

مەريەم خانىڭ دەرديدە،
بولدى يۈرىگىم زيدە.

ئاتنىڭ ياخشيسى تورۇق،
قىزنىڭ ياخشيسى ئورۇق.
يىگىتلىك قىلاى ديسەم،
پۈتۈمدا يوغان چورۇق.

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.
قىزنىڭ ھەشيمى تولا،
جۇگان بىلەن ئوينايمەن.

لەيلى قازاق قىسماقلا،
تورزۇپ كيتيدۇ يەرگە.
قىزنى عاشق تۇتماقلا—
تيگب كيتيدۇ ئەرگە.

چوڭ سۇدا هاراق ئىچىدىم،
مەعشۇغۇم داقلىق بىلەن.
ئاچچيغيدا ئۇرادۇر—
هاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.

جۇگان بوينى كورسەتدى،
پەرمانىمغا ئوت كەندى.

شۇ جۇگاننى بر سويسەم،
مينڭ تاۋيمۇ ئوسەتدى.

جان دەيمۇ— جۇگان دەيمۇ—
جۇگاننڭ حالينى دەيمۇ،
كييگينى شايى گوينەك،
قول سالغينينى دەيمۇ.

كيتب بارغان جۇگاننڭ،
نيمە خييالى بار ئيكەن.
بر بيسب، يينب قاراب،
كمگە مەيلى بار ئيكەن.

ساى باغنڭ جۇگانليرى،
چيچڭ نيمە ئوسمەيدۇ،
يۇمايسەن، تاريمايسەن،
شۇ سەۋەبدن ئوسمەيدۇ.

يا ئۇيان ئوتۇب كەتدى،
يا بۇيان ئوتۇب كەتدى.
يارمنڭ ديگەن سوزى،
جينمدن ئوتۇب كەتدى.

«يار» دەيسەن ئيگلەيسەن،
مەيدەڭنە تومۇر بارمۇ؟

ئاخشاملىقتا كەل دېسەڭ،
خالىدا ئويۇڭ بارمۇ؟

يارنىڭ يولىگى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرىڭ زىبا،
شېرىن سوزلىرىڭ ئاندىن.

بىر كورۇپ سىنى يارىم،
قالمىدى مېنىڭ ھالىم.
بىر باقساڭچۇ سەن يارىم،
تەڭ بولۇبتۇ ئەھۋالىم.

مەن سەفەرگە چىققاندا،
يار ئىشىگىدە قالغان.
«قاچان كېلىسەن يارا» دەپ،
قارا كوزگە ياش ئالغان.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
تۇرفاندا مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلا، خالايىقلا،
گۇل قىسقان مېنىڭ يارىم.

تاغلاردا تولا كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن گەپلىك،

خاليدا تيپشقاندا،
ئويناب كۆلگيلى ئەپلك.

مەن باراى ميكن ئاندا،
يار كيلەمديكن مۇندا.
يارغا يار كيرەك بولسا،
قول سيلب كيلەر مۇندا.

يار بلەن بارايمۇ مەن،
يولبدا قالايمۇ مەن،
كوڭۆل بەرميگەن يارنك،
كوڭلينى ئالايمۇ مەن.

بۇ كوچا ــ ئۇزۇن كوچا،
چالما ئاتسام يەتمەيدۇ.
بۇ كوچينك قزليرى،
مينك يارمغا يەتمەيدۇ.

كۈندە كورميدم يارنى،
كۈنيدە كورەرمەن دەب.
ئۆميد ئۈزميدم ياردن،
ئولميسەم سويەرمەن دەب.

مەن ماڭدم كيچە بلەن ــ
ئيرقنك ئچى بلەن.

ئىككى قولۇم باغلاندى،
يارىمنىڭ چىچى بىلەن.

ئانىسى يوقمىكىن يارنىڭ،
ئانىسى يوقمىكىن يارنىڭ،
ماكانى يوقمىكىن يارنىڭ،
كېزىپ چۆللەردە يانغۇنچە.

ئانلارنى توقۇپ قويدۇم،
شۇۋۇرغان يامان قاردا.
ئاغزىدا دېگەن بىلەن،
چىن كۆڭلى بولەك ياردا.

سېنىڭ يارىڭ ئۇيدانمۇ؟
مېنىڭ يارىم ئۇيدانمۇ؟
شامال چىقسا پۇرايدۇ،
قولىدا ئانار بارمۇ؟

يارىم بىلەن ئىككىلەن،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشدا ۋەدىمىز شۇنداغ،
ھەرگىز ئايرىلماس بولغان.

مەنىگە چۈشكەن بىلەن،
ھېچ نەلەر كورۇنمەيدۇ.

يارنىڭ كوزىگه قاراب،
ئوتكەن كۈن بلنمەيدۇ.

ئيتمنى قويۇب ئەتدم،
ييكى چققان قيياقلارغا.
يار دەردى مۇنداغ بولسا،
چقب كيتەى ييراقلارغا.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇب كەتدى،
تۇرفان يوليغا قاراب.
كوزۇمنىڭ گوهيرى كەتدى،
يارنىڭ يوليغا قاراب.

مەن ئوزمم كچك چاغدا،
كالا باقيمەن تاغدا.
بۇلبۇل سايريغان چاغدا،
مەن يارم بلەن باغدا.

جۇگانما تيگەى دەيدۇ،
چوكانما تيگەى دەيدۇ،
ئانيسى يامان خوتۇن،
شاييدن چاپان دەيدۇ.

بۇ يولدا تولا ماڭدم،
بۇ يول مينىڭ يولديشم.

هیرب، چارچاب کەلگەندە،
سۇ بەرگەن قیرندیشم.

سۇلار شاقیراب ئاقسا،
تۇگمەننڭ نوری دەیمەن.
یار ئۇچۇن ئولۇب کەتسەم،
ئوزەمنڭ شوری دەیمەن.

ئاتاڭ سایریدیمۇ کەکلك،
ئاناڭ سایریدیمۇ کەکلك.
قەپەزنڭ قەدرینی بلمەی،
ئۇچۇب کەتکەن نادان کەکلك.

ئۇچۇب هاۋاغا چققاندا،
لاچن ئالسۇن سینی کەکلك.
ئەگب دەریاغا چۇشکەندە،
لەهەڭ یۇتسۇن سینی کەکلك.

کیچیلەردە مەن باردم،
ئشتکلارغا یالۋۇردۇم،
عەجەب چقمیدیڭ یارم —
زەعفراندەك سارغایدم،

دەردنڭ تۇلیسی کەتدی،
مۇندن کیین تاتمایمەن.

بۇ عالەمدە تاتقاننى،
ئاخيرەتتە ئاتمايمەن.

ناخشا ئييتيمەن باشدن،
تڭشاب تۇت قۇلاقڭدا.
ئاخشاملققا مەن باراي،
ئويناتقن بۇلاقڭدا.

سبرق سەبدە تۇلۇن ئايدەك،
يۇزۇڭگە نۇر ياراشپتۇ.
سينڭ ئوتى-فراقڭدا،
يۇرەككە ئوت تۇتاشپتۇ.

ئيلى خونڭ يوليدا،
ئەينەك تاختا قوليدا.
مڭ جان بەرسە ئەرزيمەس،
قەمبەر خاننڭ يوليدا.

ئالما ئاتدم تيرەككە،
يينب چۇشدى يۇرەككە.
بيرب ئييتڭ قەمبەرخانغا،
مەلھەم سالغاي يۇرەككە.

بۇلبۇل قونميغان دەرەخ،
سويما سالميغان پيلەك.

ئون تۆرت ياشدا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

ئاق قاشنى ئىگىز دەيدۇ،
ئاق بوز تاققا يەتمەيدۇ،
ئەل قىزىنى ماختايدۇ،
قارا كوزگە يەتمەيدۇ.

ئاسماندىكى يۇلدۇزنىڭ،
شامچىراقلىرى باردۇر.
يۈرىگىمنى يىرىپ باق،
كويگەن داغلىرى باردۇر.

ئاسماندىكى ئۈچ يۇلدۇز،
كۈندىن-كۈنگە نۇرلايدۇ.
بىز بويلۇق بولۇپ قالدۇق،
بىزنى قاچان ئويلەيدۇ.

٥ ئاينى-ئايغا ئاتايمۇ،
كۈننى-كۈنگە ئاتايمۇ؟
يارىم دەردىگىدە سىنىڭ
پەنجىرەگىدە ياتايمۇ؟

ئاغرىپ ئىدىم ئولگىنى،
يارىم كەپتۇ كورگىلى.

قوپقىينى دەرمانم يوق،
يارغا تازم قلغيلى.

ئۆيان ئونيدۇ بر گۈل،
بۇيان ئونيدۇ بر گۈل،
يارمنڭ ئاييغيدا،
سايراب ئوتيدۇ بۇلبۇل.

يايلاقدا ئوتلاب يۈرگەن،
قارالا مينڭ قويۇم.
ئەندى بز كيتەر بولدۇق،
قۇچاغلاب سۆيۈب قويۇڭ.

ئشك ئالدى كوك تيرەك،
ئۇ تيرەكگە سۇ كيرەك.
ئيگز بويلۇق ييگتكە،
ئوتتۇر بويلۇق قز كيرەك.

ئيلى ديگەن شەريكدە،
ئۇن تاسقايدۇ لەگزيدە.
ئانارخان ديگەن قزنڭ،
ميگى باردۇر مەگزيدە.

تيتگلا مينى يارغا،
چيقگلا مينى يارغا،

ئوزەمنڭ گۇناھيدۇر،
ئاستۇرۇب ئيتڭ دارغا.

ئچمەيمەن ھاراقڭنى،
تۇتقانڭغا ھەشقاللا.
عاشقسز يۇرەلمەيدۇ،
ييڭى ئوسمە ياش باللا.

ئاق لەيلى، قزل لەيلى،
يارنڭ بارميكن مەيلى.
بولسا، بولميسا مەيلى،
مەن يارنڭ قەلەندەرى.

ئانارخان سينڭ بويۇڭ،
قاچان بولۇدۇ تويۇڭ؟
بولسا، بولميسا تويۇڭ،
قۇچاغلاب سويۇب قويۇڭ.

عاشق بوليمەن دەيدۇ،
جانغا كويسە بولمامدۇ.
ئادەم باليسى تولا،
قەدر باسە بولمامدۇ.

ئشيگڭنى ئاچ يارم،
بويۇڭنى كورۇب ئالاى.

قۇلىغىمدىن تۇتۇپ ئېلىپ،
مەڭزىڭدىن سويۇپ ئالاي.

سۆزۈڭدىن ھاۋادا قۇشتەك ــ
كىردىم جانان ئېزىغا،
بىر خالتا ئالما بىرەي،
ئېيتىي مېھرىبان قىزغا.

ئوگۈزدىكى قومۇشنى،
مەن دەسسەپ ئوتەمەنمۇ.
كوڭلۇمدىكى يار بىلەن،
بىر كېچە ياتامەنمۇ؟

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە،
شىكەر بەرسە سايرايدۇ،
دۇشمەن بىزنى كورەلمەي،
كەينىمىزدىن مارايدۇ.

ئاھ يارىم تاڭلا كېلىڭ،
تاڭ يورۇغاندا كېلىڭ.
ئوزەم ئويماندا تۇرارمەن،
ئالمىلىق باققا كېلىڭ.

ئىگىز تاققا چىقىم مەن،
بول تېپىپ چۈشەلمىدىم.

چرايىڭغا كويدۇم مەن،
ئاهيڭغا ييتەلميدم.

ئاسماندا ئۇچۇب ئوتكەن
بر يالغۇز قارا قارغا،
بارساڭلا سالام دەڭلا،
بزنى سوريغان يارغا.

ئالتە شەدە بارميكەن،
سەن يارمدەك ئاي چراي.
ئيلاندەك تولغۇنۇب چقساڭ،
قانداغ سەندن ئايريلاي.

ئالتۇن بلەن رەهنانى،
يارمغا تۇتاي دەيمەن،
مەن بولسام خيريدارى،
قەنت بلەن يۇتاي دەيمەن.

ئون ئككى ياشدا دەيدۇ،
ئوق ئيلانغا ئوخشايدۇ.
قول سيلب چقب كەلسە،
مينڭ يارمغا ئوخشايدۇ.

بيغڭنڭ ئچى سايە،
ئەترافى ئۈزۈنڭ گۈلدۇر،

گۈل سايىسىدا ئولتۇرغان،
لەبلىرى قىزىل گۈلدۇر.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
ئىۋىلغا سورەتمەڭلا.
قىزى بىلەن ئوينايمەن،
ئانىسىغا ئېيتماڭلا.

بىلمىنى باغلاپ تۇرۇپ،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكلەر عەجەب شاخلىق.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كۆز، تىلى تاتلىق.

بېغىڭدىكى تاللارنى،
خامان ھايدىسا لازىم،
ئوينايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي تازىم.

بېغىڭغا كىرىپ ئىلىپ،
ئۆرۈك ئىغىتاي يارىم.

ئاخشامغا قوشۇب ئيلب،
سينى ييغليتاى يارم.

باققا كرب ئالما يەڭ،
باغنڭ ئالميسى بزنڭ.
سەن ماڭا كوڭۇل بەرسەڭ،
جاندن ئوزگيسى سزنڭ.

بيليگزنى باغلايسز،
تۆگميگزنى ئەتمەيسز.
بيشيمزغا مۇڭ چۈشدى،
حاليمزغا يەتمەيسز.

ئشيگڭگە چقب سەن،
سەن كوزۇڭنى ئوينۇتۇب.
سينڭ بر خيالڭ بار،
مەن غيربنى يغليتب،

قاتار-قاتار سوگەتنڭ،
سايسى بولامديكن،
يارغا كويگەن يۈرەكنڭ،
تازيسى بولامديكن.

ئۇچاڭديكى پەشمەتنى
بر يللق بولا دەمسەن،

كوڭلمديكى يارىمسەن
ئايرلسا، ئولەر دەمسەن.

ئچمەككە هاراق ئاچچق،
ئچكەندىن كيين تاتلق.
ئاغزيدا ناۋات بارمۇ،
سويمەككە جۇگان تاتلق.

تاقتا چقدىم ئازادە،
بيىنب چۇشدۇم پييادە.
كچككنە يارىم بار،
قزىل گۇلدىن زيبادە.

چەككۇم كەلسە تاماكا،
سيلاب قوييمەن ياننى.
مينى دىسەڭ سەن يارىم،
سەديقە قيلاى جاننى.

ئورۇق ئاتقا توروق بار،
ئاق بوز ئاتدا قۇيرۇق بار.
سويسەڭ ياخشينى سويگىن،
قييامەتدە سوراق بار.

سەهەردە سايريغان بۇلبۇل
كوكۇلنىڭ زيهنينى ئاچدى.

ئيچلغان قزل گۇلنى،
يار قۇلاقيغا قسىى.

سايرا بۇلبۇلۇم، سايرا،
قزل گۇلنڭ شيخى سۇنسۇن.
يار ئايريليمەن دەيدۇ،
ئايريلب كوڭلى تنسۇن.

سەن مينڭ نيكارم سەن،
بوينۇمديكى تۇمارم سەن.
قاراڭغۇ كيچيلەردە،
ياندۇرار چراقم سەن.

سۇ بولسا، سۇزۇك بولسا،
ئيرقدا ئيقب تۇرسا.
عاشق بلەن مەعشۇقلار،
يان خوشنا يىقن بولسا.

ساريخان قزل گۇلدەك،
بز ئشقيدا بۇلبۇلدەك.
ساريخان كۇلۇب قويسا،
خزميتيدە بز قۇلدەك.

ساريخان كچك باشلق،
ئاى يۇزلۇك قارا قاشلق.

ئشـكـكه چقارمايدۇ،
ئاتا ـ ئانيسى باشلق.

پچاقنى سالاى ديسەم،
يارم قولۇمنى تۇتدى.
ئـكـكى قيشينى ئيتب،
مينك كۆڭلۇمنى ئۇتدى.

جان ئچيده جانان قز،
جانغا ئوتنى يافقان قز.
قاشليرى قەلەم قاشـەك،
چاچليريدۇر سۇمبۇل قز.

چلان بافقا كرمەيمەن،
چلان باغدا ئيلان بار.
يار قشيغا بارمايمەن،
يارنك بولەك يارى بار.

هاۋانك مانانليرى،
ئلقينك غۇنانليرى.
شەرەت قلسام تۇبمايدۇ،
قەشقەرنك جۇگانليرى.

هاۋاديكى بوز تورغاى،
سايريميسا نه بولغاى.

کچیک‌کنه یارمنی،
قیینیمیسا نه بولغای.

٥ هاۋا ـ هاۋادن ئاشدی،
بۇلۇت هاۋادن ئاشدی.
قزغا مەیلم بار ئیدی،
جۇگان قوینینی ئاچدی.

حەسرەتلك كوڭل ئچرە،
بر ئاهیدا جان كەلدی.
قاشلیری قەلەم قاشدەك،
چاچلیری كامال كەلدی.

هاۋادیکی بۇلۇتلا،
یارمغا سالام دەگلا.
مینی سوریسا یارم،
یۇرۇپتۇ ئامان دەگلا.

هاۋالا تۇمانلابتۇ،
ئلقیلار قۇلۇنلابتۇ.
ئالتۇن قارا كوز یارم،
نیمیدن یامانلابتۇ.

دۇتار چیلب ئولتارسام،
یارم كەلدی یینمغا.

شیرن سوزینی سوزلەب،
ئوتنی سالدی جینمغا.

دۇتار چیلب بیرەی سزگە،
ئۇسسۇل ئویناب بیرك بزگە،
خۇشخۇیلۇق بلەن ئویناك،
ئەل حەیران قالسۇن سزگە.

داۋۇزاڭنك بیشیدا،
قومۇش بلەن زاراڭزا.
کچیکنه یارم بار،
کچیکنه بالاڭزا.

دەریا مانداغ ئاقارمۇ،
ئیقب لیۋیدن تاشارمۇ؟
یارم کییگەن ئەرچی بەل،
مۇنداقمۇ یاریشارمۇ؟

قزل گۇل تۇۋیدە سن چای،
ئچب خۇماری بولدۇم مەن.
بر کیلب کیتەر یارغا،
یۇرۇب دیۋانه بولدۇم مەن.

قزل گۇلۇم، قزل گۇلۇم،
غەجەب ۋاخدا غازاڭ بولدۇك.

مینی مەیخانیغا تاشلاب،
ئوزەڭ یولغا راۋان بولدۇڭ.

قۇرغۇيۇڭ بولای بارم،
مەيدەڭگە قونای يارم،
ئوزگە ياريڭ بولميسا،
چن ياريڭ بولای يارم.

قیشڭ ئەسلا قارادۇر،
هوسما قویغۇنڭ يالغان.
مەن كويسەم ساڭا كويدۇم،
سینڭ كويگینڭ يالغان.

قیشڭنڭ قاراسيغا،
خال بولای ئاراسيغا.
سەن يارمنی ئوخشيتای،
قزل گۇل غونچيسيغا

قوراڭدن موزای چقدی،
تەڭدن توليسی قاشقا.
هيتۋاقی كويۇپ قابتۇ،
ئازنيخان قەلەم قاشقا.

قیشڭنڭ قاراسینی،
قارا خەتكە ئوخشيتای.

تاڭلا ئاخشام كەلمىسەڭ،
بويۇڭنى كەمگە ئوخشۇتاي.

قىشىڭز قارا ئىكەن،
ھويلىڭز ساراي ئىكەن.
مەن ئاخشام باراي دىسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

قىشىڭز قارا ئىكەن،
كوزىڭزگە كويدۇم مەن.
تلىڭز تاتلىق ئىكەن،
لىۋىڭزگە سويدۇم مەن.

قزغا عاشق بولمىسا،
يارنڭ قەدرىنى بلمەس.
قزلا كوچىدا تولا،
سىنڭدەك عاشقنى بلمەس.

كەچ كردى، زوۋال بولدى،
يارمغا ئۇۋال بولدى.
جالانى يوغان سىلب،
لاچندەك جۇگان بولدى.

كيچەما-كيچە بولسا،
كۆلدۈزما كيچە بولسا

يار بلەن تېپشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

كاككۇكلا كېلىب قابتۇ،
برى تاغدا، برى باغدا.
بزنڭ قارا كوز قايدا،
كۈڭلى خاليغان جايدا.

كېچە ئۇيقۇدا يانسام،
ئات ساللۇرۇب سەن ئوتتۇڭ.
ئۇن چقارماي يولۇڭدا،
يۇرەككە ئوت يېقب ئوتتۇڭ.

كەتسەڭ كېتىۋە يارم،
سەندن يوقتۇ پەرۋايم.
بۇ بېشم ئامان بولسا،
هەر يەردە مېنڭ جانم.

كوڭۇل بەرمىسە يارغا،
ئوق تەگمەس ئېدى جانغا.
كوڭۇلنى قويۇب بەرسەم،
يۇرەك تولىدۇ قانغا.

كېتب باريسەن يارم،
قاچان كېلىسەن يارم.

سینىڭ كەلمىگىڭ موشكۇل،
مەن بىرىب كورەى يارىم.

كىچە بولسا ياتمايمەن،
پەنجىرەگەدىن پاتمايمەن.
راس گىپىڭنى ئېيت يارىم،
مەن دەردىڭنى تاتمايمەن.

كەت دىسەڭما كىتىمەن،
كەتمە دىسەڭما كىتىمەن.
ئارىدا ئىككى قۇنۇب،
يارىم قىشىغا يىتىمەن.

گۈلنى قاتار ئوينايلى،
بزنى ھىچ كىم تۇيمىسۇن.
كمنىڭ مەيلى كمدە بار،
قويۇب بىرىڭ ئوينىسۇن.

كىتىب بارغان ئايلامنىڭ،
چىچى ئۇلاقا ئوخشايدۇ.
ئشارەتنى بلمەيدۇ،
ياغاچ قۇلاقا ئوخشايدۇ.

كورۇنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنىدا ياغدى قار.

ئايريلب كيتەى ديسەم،
كچكلكدە تۇتقان يار.

مەن كردم باققاللققا،
مەيدەمنى ياققانلققا.
يارم ئەگە تيگبتۇ،
قاپقارا ساقاللققا.

مەن ئەندى بارا مەنمۇ،
ئشكدە تۇرا مەنمۇ.
چقماس يارمنى ساقلاب،
سوۋۇققا توڭامەنمۇ؟

مينڭ يارم چللايدۇ،
بارسام ئەگەر تللايدۇ.
باغنڭ ئچيگە كرب،
ماڭا بيقب يغلايدۇ.

مەن كمنى دەب ئولتادم؟
مەن يارنى دەب ئولتادم.
ئوقەتنى خييال قلماى،
ئاقامچە زوڭ ئولتادم.

مينڭ دەرديمنى سەن تاتقان،
سينڭ دەرديڭنى مەن تاتقان.

کیچیلیری تال چیۋیقدەك،
بیلىگىغا چرمیشىپ یاتقان.

مەن سیرىق جینىم سیرىق،
سارغاییغىنىمنى کىم بىلۇر.
سارغییىپ ئىشکدە تۇرسام،
مهریبان یارىم کیلۇر.

مەن بۇگۇن نیمە بولدۇم،
غەمگە مۇپتالا بولدۇم.
بىر كورۇپ جامالىڭنى،
عاشیقى بیقارار بولدۇم.

یارنىڭ ئىشیگى تاللىق،
شاخ-شیخیدا ماجانلىق.
سینى سویگەن عاشقلا،
هەر کوچیدا حەیرانلىق.

یار بولسا یاراشقیدەك،
دۇشمەنلە قاراشقیدەك.
ئوزى ئۇیقیدا تۇرۇب،
ئۇیغۇنۇب کوز ئاچقیدەك.

یار دەردی یامان ئیکەن،
مەن ئاۋارە بولمایمەن.

بارای دیسەم یول یىراق،
ۋاختىدا كورەلمەیمەن.

یوقۇریدن چۇشۇب كەلدم،
قارا قاغیدەك ئوىناب.
یار بلەن یاتامەنمۇ،
بۇلبۇلدەك چەمەن سایراب.

یوقۇریدن چۇشۇب كەلدم،
قۇرۇق سای یولی بلەن.
ئوینیساڭ ئوزەڭ ئوینا،
هەر ئشنڭ یولی بلەن.

یۇقۇریدن چۇشۇب كەلسەم،
ئككى بورینڭ ئزی.
كوڭلۇمنی ئیلب كەتدی،
هیتەك ئاكامنڭ قزی.

یارم بارمیغان تویغا،
مەن یالغۇز بارالمایمەن.
یارنڭ كوڭلی بەك نازۇك،
چای قویۇب ئالالمایمەن.

یارنڭ بیغیدا بر گۇل،
ماڭا قاریلای دەیدۇ.

مەن يارغا نيمە قلدم،
مەندن ئايريلاي دەيدۇ.

يارم بەرگەن ئۇچ ئالما،
ئۇچى ئۇچ بولەك ئيكەن.
مەقسەدكە يەتكۇزمەيدۇ،
عەجەب كاژ پيلەك ئيكەن.

يارمغا ساراى سيلب،
گۇل بلەن مۇنار قلسام.
يار ئچيدە بولمامدۇ،
هەر قانچە گۇناه قلسام.

يارم كيليدۇ قاراب،
سۇنبۇل چيچينى تاراب.
مەن يارغا نيمە قلدم،
يامان كوزيدە قاراب.

يار بولسا تۇزۇك بولسا،
قوليدا ئۇزۇك بولسا.
هەم مەڭزى قزل بولسا،
هەم بەختى سۇزۇك بولسا.

يارنڭ بيغى بار ئيكەن،
بيغيدا ئانار بار ئيكەن.

يالغۇز دەب كوكل بەرسەم،
بولەك يارى بار ئيكەن.

يار ئشيگيدن كەتمەى،
ئاه ئۇرۇب قاراب قالدم.
يارم كەتدى يينمدن،
قانلا ئاقدى كوزمدن.

يار ئشيگيده تۇرسا،
قزل گۇلى بوينيدا.
ئولسەم ئارمينم يوقتۇر،
بردەم ياتسام قوينيدا.

چيرايم زەعفران بولدى،
كشى سوريمايدۇ حالمنى.
ئارامزدا حەقيقەت يوق،
كورۇشتۇرمەيدۇ يارمنى.

عاشق ئەتسەك مينى ئەتكن،
بر كۇن كيرەك بولارمەن.
دۇشمەنليرك ئالديدا،
تاشدن يۇرەكلك بولارمەن.

ئاه يارم چداك ئامان،
قاراڭغۇ ئايدن يامان.

عشقی ئوتی ماڭا چۈشدی،
دوزاخ ئوتیدن یامان.

مەن بیشمنی تاشقا ئۇرسام،
تاش بیشمنی یارغیدەك.
یارمنك یاغلیغیدا تاڭسام،
مینك بیشم سافایغیدەك.

تانقا چقدم، تال ئۇچۈن،
قۇرغۇی بالاسی بار ئۇچۈن.
ئالتی ئای ئوتیدا کویدۇم،
ئەسقاتماس ئۇ یار ئۇچۈن.

لەیلی خان دەیمۇ سینی،
سارا خان دەیمۇ سینی.
باغدا باقفان پاخلاندەك،
ئولتۇرۇب یەیمۇ سینی؟

یاغلیغمنی کوك بویاتدم،
بەل بیغمنی هاۋارەك.
بزنك باغدا غورا پشدی،
کۇندەکیلب غورا یەك.

یارسز عومرۇم مینك ــ
مك یاشیسام بر کۇنچە یوق

ئشق ئوتڭنڭ ئالديدا،
دوزاخ ئوتى ئۆچقۇنچە يوق.

ديلبرم ئايدەك يۈزۈڭگە،
زەيتۇنە خالڭ بولاي.
كيچە يينڭدا ييتب،
كۈندۈز خيريدارڭ بولاي.

ئاتلينب سەحراغا چقساڭ،
قامچا دەستڭ مەن بولاي،
بارچە ئەلنڭ كوزى سەندە،
تل تۇمارڭ مەن بولاي.

لەيلى — مەجنۇن شاخ ئيگلدى،
يار ئيگلمەيدۇ ماڭا.
يا كيلب ئالغل بۇ جاننى،
يا كوڭۈل بەرگن ماڭا.

ئشك ئاچدم، تورگە باقدم،
توردە بر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشليرى قرغان تەلەمدەك،
كوزليرى ئويناب تۇرۇر.

قاشقاراسى بولميسا،
قاشقا ديگەن قانچە ييراق.

عەقلى - ھۇشى بولمىسا،
ئايدەك جۇگان ئشتقا يالاۋ

كيتيسەن بر - بر بيسب،
دەرياسۇييدەك ئايريلب.
مۇنچيما كوگلك قاتامدۇ،
باقميديك بر قايريلب.

بر كتاب، ئككى كتاب،
يار قوينيدا ئالتۇن كتاب.
عالەمگدە بارميكەن،
مينك يارمدەك ئافتاب.

تاغديكى بەرگى قيياقدەك،
كوزليرگدن ئور گيلەي.
نەلمۇرۇب تۇرغان كيكدەك
كوزليرگدن ئور گيلەي.

سەن قاياقدن كيليسەن،
چرايليغم كوزى خۇمار.
ساگا تلم تەگميسۇن،
بوينگغا ئاسقن تل تۇمار.

ئاق ئايديك كيچيلەر،
ئاپپاق ئايديك كيچيلەر،

گۈل بلەن ريهان پۈرايدۇ،
يارم ماڭغان كوچيلار.

بۈگۈن ئالتە، تاڭلا يەتتە،
ميهريبان يار كەتكيلى.
باققا كرسەم ئزى بار —
تالاغا چقسام شاميلى.

باغريىنى سەير ئيتب،
ئاغامچى سالدم داريغا.
تەلييمنىڭ يوقيدن،
يالغانچى بولدۇم ياريغا.

مەن كيتەر بولدۇم يارم، —
ئەرزم بايان ئەيلەب كيتەي.
ميهريبانم قالدى دەب،
چوللەردە قان يغلاب كيتەي.

قاشنى قاشقا ئۈليسا،
ييتەمدۇ قاشنىڭ بوييغا.
خۇدايم سيلب قويۇپتۇ،
قارا قاشنىڭ كوييغا.

مەن بيرب قاچان كورەرمەن،
ئامريغمنىڭ ئۈزينى.

ياغليغمغا تۇگۇب ئالاتدم،
سايدا باسقان ئزيني.
گۇل تيريدم مايسە بولدى،
شاخ چقاردى رەڭمۇ-رەڭ.
ھەر كشينڭ يارى بولسا،
بۇغداى ئوگلۇك سەبزيرەڭ.

ئاينى ئاسماندا ديسەم،
تار كوچيدا ئاى بار ئيكەن.
يارنى مەن چاقان ديسەم،
ياردن چاققان بار ئيكەن.

ئاتاسز قالغان ئادەم مەن،
ئاناسز قالغان ئادەم مەن.
كشينڭ يارينى يار دەب،
يارسز قالغان ئادەم مەن.

قاپقارادۇر قيشيڭز،
ئون بەشدە باردۇر ييشيڭز.
كيچيلەب يول ماڭسيڭز،
مەن بولاى يولديشيڭز.

سەن ترك دەمسەن ميني،
مەڭغۇ ترك ئولگەنديمەن.

ترك ئايرلغان يارمنڭ،
ئوتيدا كويگەنديمەن.

باققا كرسەم باقيدۇ،
بۇلبۇل قاناتن قاقيدۇ.
يغليما بوتا كوزۇم،
سيني خۇدايم باقيدۇ.

ئالما دەب سۇندۇم قولمني،
تال ئيكەنني بلميدم.
چيچيغا چاچ باغ سيلبدۇ،
تاز ئيكەنني بلميدم.

ئانداغ ئەتمەڭلار ميني،
مانداغ ئەتمەڭلار ميني،
عاقيبەت لازم بولارمز،
تاشلاۋەتمەڭلار ميني.

ئالميلق باغ ئچيدە،
سارغييبدۇ يوپۇرماق.
ئوڭ يينمدا ئوت كويەدۇ،
سول يينمدا ئشتيياق.

كەتدي دەب كوڭلڭني بۇزمە
كەتميسەم تالەش ماڭا.

ئالتى تال قارا چيچڭدن،
ئوزگيسى دۈشمەن ماڭا.

كورميدم باسدم تيكەننى،
ناتيدۇرمەن دەردينى،
كورسەم ئيدم، باسماس ئيدم —
ناتماس ئيدم دەردينى.

هاۋادا غاز كيليدۇ،
ئيگز ئۇچۇب پەس كيليدۇ،
ئچيدە ئوتى بار جۇگان،
هاراق ئچب مەس كيليدۇ.

باققا كردم كيچيلەب،
مەن يارمنى ييتيلەب.
كچيككينه مينڭ يارم
ئون بەش ياشلق سيكيلەك.

تاققا چقدم تال ئۇچۇن،
قۇرغۇى بالاسى بار ئۇچۇن.
يۇرۇب ديۋانه بولدۇم مەن،
ميهريبان سەن يار ئۇچۇن.

كەتدى يار كوڭلى قارا،
كيتەمسه يارم ديميدى.

چنيگه چايگى قۇيۇب،
ئچەمسە يارم ديميدى.

كيچيسى ئايغا قاراب،
شادليندۇر كوڭلم مينك.
غەم ئچيدە يار كيلب،
ئالسۇن كوڭلۇمنى مينك.

هاۋانى تۇمان باسدى،
ئاينى كورگيلى بولماس.
كوڭلمگە گۇمان چۇشدى،
يانى سويگيلى بولماس.

گۇلميدى ئيچلغينى،
غۇنچەميدى قايرلغينى.
ۋەعديمز شۇنداقميدى،
عاشق بولۇب ئايرلغينى.

كيچە بولسا ياتمايدۇ،
تيرەك ئۇچيدا قاغا.
سەن نمۇنچە يغلايسەن،
ۋاپا قلميغان يارغا.

ئيگز تاققا تاش ئانتۇق،
چرايلققا قاش ئانتۇق.

چرايلىق ئۇخلاپ قالسا،
دۇتا چىلىپ ئويغاتتۇق.

تام ئۇستىگە تام سالدۇق،
قلۇيسىنى كەلتۈرۈپ.
سەن نىمۇنچە يغلايسەن،
نومۇسمنى كەلتۈرۈپ.

باغىم بارۇ باغىم با،
زيغرلقدا زاغۇن با.
كمنىڭ قزى ئاى بولسا،
شۇنى بيرب ئاغۇم با.

قوغۇن تىرىدم خللاپ،
چونەك ئچيدە يغلاپ.
چوكان ئاليمەن خللاپ،
جۇگان قاليدۇ يغلاپ.

تام پۇتەمدۇ لاى بلەن،
سۇ ئاقامدۇ ساى بلەن.
عومرۇم شۇلداغ ئوتەمدۇ،
كوكلى قارا يار بلەن.

رومالمنى يۇدۇردۇم،
باققا، تالغا يايدۇردۇم.

ئاران تۇتقان يارمنى،
قاراقچيغا ئالدۇردۇم.

كەنمەكنى خيال ئەيلەب،
باغلار ئارا يول سالدۇق
يار بلەن تولا ئويناب،
يۇرەكلەرگە داغ سالدۇق

ئيتم بولسا هيللادن،
جابدۇقليرى تاللادن.
خۇدايمدن تلەيمەن،
مەڭزى قزل قزلاردن.

گۇللەر ئيچلب قاپتۇ،
بيرب كوريلى تاغنى.
ساريخان ئوزى بويلق،
شەرەت قليدۇ باغنى.

ئات ئالساڭلار تاى ئالماڭلا يولغا يۇرمەيدۇ،
چيچى ئۇزۇن قاۋۇل جوگان قولغا كرمەيدۇ.

ئاللا يارم كەڭ يايلاقدا ئوزەڭ يايلامسەن،
سيمز قوينڭ قوزيسيدەك سەكرەب ئوينامسەن.

ئۇ مەليدن بۇ مەليگە ئويناى دەب كەلدم،
ياخشى دەمسز، يامان دەمسز سناى دەب كەلدم.

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە يولى بارمىكىن،
يار ئاغرىغى بولۇپ قالدىم دورى بارمىكىن.

يار ئاغرىغى بولغانلارنىڭ دورىسى مەندە،
ئەتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە يارنى سويگەندە.

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن ئويچىمىدىك سەن،
يان باغرىدا يىتىپ ئاپسەن قويچىمىدىك سەن.

قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى بىلله باقايلى،
كونا يارنىڭ يۇرەكىگە ئوتلار ياقايلى.

سىنى دىدىم، سىنى دىدىم كەچىلىم بۇ جاندىن،
يۇرەك، باغرىم پارە-پارە، كوز يىيشم قاندىن.

سەن بىرنى دەپ، مەن بىرنى دەپ قالدىم بالاغا،
ئەسلى رەھمىڭ كەلمەيدۇ كوزى قاراغا.

شۇندىن-شۇنغا كەلگىنىم سەن يار ئۇچۇندۇر،
جەۋرى-جافا چەكمىشىم دىدار ئۇچۇندۇر.

جم ياتماسدىن سايرايدۇ بۇلبۇل،
سايرىغىنى بۇلبۇلنىڭ گۇلزار ئۇچۇندۇر.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مىنىڭ يارىمنى،
ئىگز داۋان ئاشدى دەيدۇ بويى تارىمنى.

ئيگز داۋان ئاشميغۇنچە چوللەر كورۇنمەس،
قارا يورغا منمەگۇنچە چوللەر كيزلمەس.

قارچيغينىڭ باليسى بار ئالتۇن ئۇگيدا،
ئەندى بارسام تونيمايدۇ ئەسكى جۇگيدا.

ئەندى مينى كەتدى دەب چەكمە قيشگنى،
غورالداينڭ باليسيدەك توكمە ييشگنى.

باراى ديسەم بارما دەيدۇ مەيام ئوزەمنڭ،
سەكسەن قامچا ييگەن بلەن يارم ئوزەمنڭ.

بۇگۇن ميكن ئەتى ميكن يارم كەتكيدەك،
ئالتاى ياز ئەگەشكينم زايا كەتكيدەك.

نال چيۋيقدەك بويليرگغا زوقۇم كيلميدۇ،
ئەتە-ئاخشام باراى ديسەم قوقۇم كيلميدۇ.

ئيگز-ئيگز دوڭليرگدە چراق كويۇدۇ،
چراق ئەمەس يارنڭ ئوتى- يۇرەك كويۇدۇ.

يغليماڭ قز، يغليماڭ تاڭلا كيلۇرمز،
بر قوتيدا ئۇنچە-ماجان ئيلب كيلۇرمز.

بر قۇتيدا ئۇنچە-ماجان ئوزەگدە تۇرسۇن،
ئككى قاراب، بر سۇيگۇنۇم كوڭلگدە تۇرسۇن.

ئيگز تاققا چقماڭ يارم ئۈچۈپ ئۆلەرسز،
چرايلققا بەرمەڭ كوڭۈل كويۈپ ئۆلەرسز.

ئاتالقلا، ئانالقلا دەستى-دەستى گۈل،
ئاتاسزلار، ئاناسزلا كويۈپ ئوچگەن كۈل.

ئانام سوريسا، ئانام سوريسا زينداندا دەڭلا،
بر كوزى ياش، بر كوزى قان يغلايدۇ دەڭلا.

قاريسام كورۈنمەيدۇ ئيلينڭ تيغى،
مۈنداغ يامان بولامۇ كويۈكنڭ ديغى.

يامان يولۋاس يولدا ياتسا شرغا يول بەرمەس،
ئاتاسيدن قاغش ئالغان ئلگيرى كەلمەس.

ئرغايلقدن ئالغان تاياق قامچيڭز بولسۇن،
ئوزۈن يولغا ئاتلانغاندا يوليڭز بولسۇن.

# تۇرلۇك ناخشا-بېيتلار

## مللى نەغمە

مللى نەغمە سازىمز،
كوكۈل ئاچار بىغىمز،
كەتدى بزدن قارا كۈن،
ئەندى ئوينار چىغىمز.

ئويناب، كۈلۈب بارىمز،
قولغا قۇرال ئالىمىز.
قارشى چققان دۇشمەننك
ئىتب جىنىنى ئالىمز.

# كاككۇك

سەحەردە قچقرب كەلسە،
كوڭۇلنى ئويغىتار كاككۇك.
كېلەر پەسلى باھارىدا،
عەجايب خۇش نىمە كاككۇك.

غىرب ئاۋازلىرى بلەن،
قچقرب كەلسە بۇ يەرگە.
يىتمگە جلديلەر سالب،
داد-فەرياد ئەيلىگەن كاككۇك.

غىرب ئاۋازىنى ئاڭلاب،
بۇگۈن كوڭلۇم فۇغان چەكدى.
مۇسافر ئەھلى دەردمەننڭ،
يۇرتىنى ئەسكە سالغان كاككۇك.

ئەگەر قچقرسىلەر يازدا،
دەرەخنڭ ئۈستىدە تۇرۇب.
ئۇنڭ ئاۋازىدۇر ھەيۋەت،
جىنگنى تەۋيتۇر كاككۇك.

ئەگەر ئۇنى يىتب كەلسە،
يىتملەرنڭ قۇلاقىغا.

ھەيھات دەپ يغليتار دائىم،
ھيميشە، يغليغان كاككۇك.

ئەگەردە ئاڭلاپ ئاۋازىنى،
مۇسافر ئەھلى دەردمەنلەر.
جيگەر فەرياد فۇغان بولدۇم،
تۇرالماي يغليتار كاككۇك.

## زالم قازیلار

هۇشۇر باقی، مەخپر قازی، نۇری ساغلق،
پۇخرالارنڭ یۇرەك باغرن قلدی داغلق.
قازی بولغان بەچچیغەرلەر مۇنداغ بولسا،
ئاخیرەتدە راحەت کورەر بیری چاغلق.

ۋادەریغا بۇلاردن کوپ ئەلەم یەتدی،
عازابیدن یۇرە کلەرگە دەزلەر کەتدی،
بۇ فانیدا مەنسەب دیگەن شۇ قاتارلق،
ئاخیریدا بۇلارنیمۇ تاشلاب کەتدی.

## ئامبال زۇلمىغا

ئامبالىغا ئامبال شاھىدا ئامبال،
يۇرتىنى سوراب يەيدۇ يامۇلدىكى ئامبال.

ئامبالنىڭ قزى، دايىنىڭ قزى،
چوقۇر دىمەگلا تاياقنىڭ ئىزى.

ئامبال ئالدىدا دايى كەينىدە،
مەن قانداغ قلاى زۇلۇم دەستىدە.

ئامبالى ئاق ئاتلق، دايىسى كوك ئاتلق،
كۈندىلا يغلايدۇ گۇناھسز «تاتلق».

ئامبالىغا ئاق چاى، دايىسىغا كوك چاى،
گۈندىغا سالغاننىڭ كىيىنىنى پچاى.

## تاش ئاخۇنۇم شەنيگە

تاش ئاخۇنۇم تاش ئيكەن،
ئالغان خوتۇنى ياش ئيكەن.
ئۇششاق خامغا گۇل بيسب،
ئامبال بلەن باش ئيكەن.

تاش ئاخۇنۇم جازانە،
بر يل ئالدى بازانى.
ئۇششاق خامغا گۇل بيسب،
تاشلاۋەتدى مازانى.

سازغا چۇشكەن ئودەكنى،
نادان باللا غاز دەيدۇ.
ئاتمش ئالتە ئمكانى،
تاش ئاخۇنۇم ئاز دەيدۇ.

ئاسماندیكى ئاينى كورۇك،
تاش ئاخۇنۇم باينى كورۇك.
ئشلەب هارغان مەدىكاغا،
سەلەب بەرگەن ناننى كورۇك.

## مەدىكارلار ناخشىسى

ئىلى بولى خاك يولى،
روماليدا ناى گولى.
ئيلىدا تاپقان پوللا،
قماۋازنك چاي پولى.
قەشقەلقنك باللىرى،
تەگدن تولىسى خاكدا.
قەشقەغە كىتەى دىسە،
بردن چاپىنى داكدا.

زوغاندن چوشوب باقسام،
سوغىنى چاپقانغا ئوخشايمەن.
بيريشى ئەلمك تىين،
جاننى سانقانغا ئوخشايمەن.

## ئاق دادام

ئاق دادام، ئاپپاق دادام،
قەشقەرغە بارغىم كېلىدۇ.

ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا،
ئاماكا ئانقىم كېلىدۇ.

ئاق سارايىنىڭ قىزلىرى،
لاچىنمىكىن، قۇرغۇيمىكىن،

قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشىقلىرى زەرگارمىكىن.

## ئوما ناخشيليرى

ئومىنى تولا ئورۇب،
قولۇم بولدى سەينوگە.
بر بەلگۇ قلب قويۇك،
ئويىڭزنك كەينيگە.

ئوميڭزنى ئودۇم مەن،
ئونچيڭزنى سايليماى.
يينڭزدا يار تۇتدۇم،
ئوتدڭنزغا يايليماى.

ئايديڭدا ئوغان ئوما،
ئونچە بلەن باغ قالدى.
ئاز كۇن ئويناب ئايرلدۇق،
يۇرەكلەردە داغ قالدى.

ئومىنى ئورغان بلەن،
يار ئيكەن بلەك تالماق.
ئوغيدن قممەت چۇشدى،
يارنڭ كوڭلينى ئالماق.

مەن بۇگۇن نيمە بولدۇم،
خييال قلدم ئاخشامغا.

باغ - باغلیغان جۇگانلا،
زوق ئەیلیسۇن ناخشامغا.

ئومیگزنی ئودۇم مەن،
ختای سوفقان ئوغاقدا،
یارم چوك بولۇب قاپتۇ،
ئالدی چیچی بەلۋاقدا.

ئومینی تولا ئورۇب،
بلیگك ئالدیمۇ یارم.
ئاز كۇن ئوینەب ئایرلدۇق،
یۇریگك فاندیمۇ یارم.

بوكیگز سەككز ئالا،
توتی ئالا، توتی قارا.
ئالته ئای ئوتۇگدا كویدۇم،
بلمیدك كوگلی قارا.

## سەلى قز قوشۇغى

هاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر ييغب ئوتكەنمۇ؟
ئككى عاشق بر بولۇب،
مەقسيديگە يەتكەنمۇ.

بر كيلەى دەب ۋەعدە قلدى،
كوز بوغۇلدى، ئۇيقا كەلميدى.
تەلمۇرۇب يولىدا تۇرسام
شۇ رەحمسز كەلميدى.

كويۇمەن ۋاى كويۇمەن،
قيشى قاراغا كوييمەن.
ئاغزيغا سويۇب قويۇب،
كوزليريگە كويۇمەن.

## بييت ـ ناخشيلار

I

ئاق سارايدن چقدى يارم،
چن تونگانى پۈر كۆلۈب.
قوليدا زەيتونه ياغلق،
تال چۈيقدەك تولغۇنۇب.

تال ئۈچى تالغا تيگەمدۇ،
تال ئۈچى تالغا يبراق.
مەيليمز سزگه چۈشۈپتۇ،
ئوييگز ئاندن يبراق.

ئوى يبراقى بولسا، بولسۇن،
كوكۈل يبراقى بولميسۇن.
ئككيمزنك ئالديدا،
ۋەعدە يالغان بولميسۇن.

چاچليرى بەلگه چۈشۈبتۇ،
بەلليرى بر قلچه يوق.
مينك مەيلم سزگه چۈشۈبتۇ،
ئوزگيسى بر پۇلچه يوق.

II

ئاققينا كوينەك كييبسز،
ئاق تيكەنلەر ئلميسۇن.

کوکـکینه کوینەك کیيبسز،
کوك تیکەنلەر ئیلمیسۇن.
ئکـکیمز عاشق بولایلی،
ئویدیکیلەر تۇيمیسۇن.
ئویدیکیلەر تۇیسا، تۇیسۇن،
ۋەعدە یالغان بولمیسۇن،
ۋەعدیسیدە تۇرمیغان،
هەرگز ئنسان بولمیسۇن.

III

باغدیکی زیبا تېرەکدەك،
بوینیگزنىڭ تۇزلیگی.
شاپ ئوزۇمنىڭ سۇییدەك،
ئاغزیگزنىڭ تاتلیغی.

IV

چشیگزنىڭ ئاقلیغی،
غۇنچە تۇرادۇر.
لیۋیگزنىڭ تاتلیغی،
تلنی یارادۇر.
قیشیگز قازی بولۇب،
یۇرتنی سورایدۇر،
کوزیگز ئویناب تۇرۇب،
جاننی ئالادۇر.

هەر كۈنى سزنى يانا
كور گۈم كيلەدۇر.
قۇچيغمغا ئيليبان،
سويگۈم كيلەدۇر.

V

ئونيڭز نەگدى جينمغا.
ئۇستۇخانمنى شۇلۇب،
ئەلگە تۇيغۇزماي يۇرەتدم —
گاهى يغلاب، گاهى كۇلۇب.
قاپقارا بوستان ئچيدە،
ئاق قۇش بولۇب «هۇهۇ» ديديما.
ئونيڭزغا چدالماي،
ئوپكەم قۇرۇب «سۇ» ديديما.

VI

تال ئچيدن تاللاب ئالدم،
تالى چوكانم سينى.
گۈل ئچيدن گۈل دەب ئالدم،
گۈلى سەبدەرم سينى.
خۇدايمغا ناله قلب،
تلەب ئالدم مەن سينى.

VII

قافرام سەككز مينك،
تونى ئالا، تونى قارا.

ئالتى ئاى ئوتتۇزدا كويسەم،
بلمىگەن كوڭلى قارا.

قزل قيان ئچمدە،
قييلدم سزگە،
قزل گۇلنڭ غۇنچيسيدەك،
ئيگلدم سزگە.
خاهى بلڭ، خاهى بلمەڭ،
خۇشتارمەن سزگە.
خۇشتارلقدا ئولۇب كەتسەم،
ئۇگالم سزگە.

سەن مينى يارا تميساڭ،
دۇنيادا گوناهسز ئوتەى،
كويگينمنى بلميسەڭ،
ييرب يۇرەكنى كورسيتەى.

VIII

بەگلەر كيلب چۇشۇبتۇ ئويمان بۇلاقفا،
ئاتليرينى قويۇپتۇ كوپە قيياقفا.
كشى ئۇچۇن كشى ئولەمدۇ ئوتى-فراقفا،
سزنڭ ئۇچۇن ئولۇب كورەى خەنجەر-پچاقفا

IX

ييشل-ييشل يوپۇرميغم ياشاردى كەتدى،
ييشل تونلۇق يارم مينڭ قەشقەرغە كەتدى.

کیلەمدیکەن، کەلمەمدیکەن قەرەلی بەندی،
شۇ كۆلدیکی غیربچیلق جینمنن ئوندی.

خەت بلەن خالتا ئەۋەتلم،
مهریبان یارم ساڭا،
ئوقۇنۇب ئلکگگە ئالغل،
مەعلۇم بولۇر حالم ساڭا.

X

چنە-چنە سۇ ئچەر مەن،
پاه یۇرۇگۈم کویدی دەب،
بۇ بییتنی سزگە ئییتلم،
هەمیدن چیچەنغۇ دەب.

XI

ئیلیدن چققان ییگتنك،
تونی بار، تۇگمیسی یوق.
بیشیغا گۇل قسبتۇ،
گۇلی بار غۇنچیسی یوق.
گۇلنی ئالدم كۆپكە سالدم،
كۆپدە هاراق بار ئیکەن،
ئوك قولۇمغا هاراق ئالدم
سول قولمغا شام چراق،—
شام چراقدا کویگیچە،
مەشرەبدە کویگەن یاخشیراق.

XII

تام توپیسیده ئولتۇرادۇر،
شوقچه بویلۇق شۇل یىگت،
ئالما بەرسەم ئۇنیمایدۇ،
بابیا ئالتۇن یىگت،
بابیا ئالتۇن یىگتنىڭ —
سۇریتی سولتانچه بار،
ئای یۇزیگه خال چۇشۇپتۇ،
یېڭی چقغان گۇلچه بار.

## تۈرلۈك قوشاقلار

مەن ئاتامدىن ئايريلىب،
سۈندى قاناتىم قايريلىب.
مەن يغليماي كىم يغليسۇن،
جينىم ئاتامدىن ئايريلىب.

ئاق بيلىق-ئاپپاق بيلىق،
ئافتابدا ياتقينىڭ قينى.
مينى يامان دەب بيرب،
ياخشينى تابقينىڭ قينى.

كىمى ئولمەسدىن بۇرۇن،
بىلمەس بۇ جاننىڭ قەدرينى.
كىم ئولەر ھالەتكە يەتسە،
شول بىلۇر جان قەدرينى.

مەن ئولۇمەن-مەن ئولۇمەن،
يولداقويماڭلا مينى.
يولدا قويساڭلا قويۇڭلا،
چولدە قويماڭلا مينى.

مەن ئولۇب تۇفراقدا ياتسام،
كىم مينى ياد ئەيليسۇن.

دوسلیرم غەمکن بولۇب،
دۇشمەنلیرم شاد ئەیلیسۇن.

تاغمۇ ـ تاغلاردن ئیگز،
ئاخر بۇلاقنڭ تاغلیری.
توپیسیگە قار ییغبتۇ،
ئاسینیدا باغلیری.

ئاتام باقفان، ئانام باقفان،
بیقب قاناریغا قاتقان.
عیزیز بیشمنی یاد ئەیلەپ،
مازارمغا چراق یاقفان.

ئاتام بولسا کورسەم مەن،
ئانام بولسا کورسەم مەن،
ئاتام بلەن ئانامنڭ،
ئاییغیدا ئولسەم مەن.

ئانادەك مبهریبان قایدا،
ئاتادەك غەمگۇزار قایدا،
ئۇلاردەك تچ کویەر قایدا،
غیرب بولغان بالاڭ قایدا.

ئاتام بولسا ئولۇب کەتکەن،
ئانام بولسا ئولۇب کەتکەن،

قېرىنداش بولغان بىلەن،
كۆڭلى بولۇنۇپ كەتكەن.

ئاق سارايىڭ بار ئىكەن،
زەدىۋاللىڭ يوق ئىكەن.
ئاتا-ئاناڭ بولمىسا،
ئەتىۋارىڭ يوق ئىكەن.

ئۆيدە قاپتۇ بىر قالپاق،
ساندۇقتا ئېلىپ سالدىم.
قېنى ئاتام بىلەن ئانام،
شەھىردىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز مۇندا، غېرىبلىقتا،
ئاتا — ئانىمىز قايدا.

ئېشەكچى دىمەڭ بىزنى،
قاشقا يولىدا كارۋان.
سارغايدى دىمەڭ بىزنى،
دەرد ئىچىدە سارغايغان.

ئاناما ھايات بولسا،
ئاناما ھايات بولسا،

هاليغا ئوزەم يەتسەم،
دەردىنى ماڭا ئېيتسا.

بۇ تاغلا ئىگز تاغلا،
غيرب بولىنى باغلا.
غيرب ئولسە كم ييغلا،
غيربقا-غيرب ييغلا.

بيغ‌ڭغا كرەر بولساڭ،
قولۇڭغا تييەك ئالغن.
شەرڭدە مۇسافر مەن،
حالمدن خەۋەر ئالغن.

بز ئيليدن چققاندا،
ئالتنچى ئاى روزيدى.
باشقا ئەلەم كەلگەندە،
ئانا — ئانام بولسيدى.

بۇرادەرلەر خوش ئەندى،
خۇدايمقا ئامانەت.
جان-تينم ئامان بولسا،
كورۇشەرمز سالامەت.

سەحەردە ئويغينادۇرمەن،
ئيلاندەك تولغينادۇرمەن.

مۇرادمغا يېتەرمەن دەپ،
ئېگەمگە يالۋۇرادۇرمەن

خۇدانىڭ بەندىسى كوپتۇ،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇ.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كويۇپ كۈل بولغىنى يوقتۇ.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقدى،
ھەم تۇمان بىلەن مانان.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ،
ھەم ئاتام بىلەن ئانام.

ھاۋا بۇلۇت ئۇستىمدە
دۇشمەن مېنىڭ قەستىمدە.
مەن ئوزەمگە راس بولسام،
دۇشمەن ئاياق ئاستىمدا.

قىينى مىڭ ياشىغان لوقمان،
ئولۇمگە ھىيلىلەر قىلغان.
نىچۇك دۇنياغا بەل باغلاپ،
جانغا تاپمىدى دەرمان.

قالىغاچۇ ـ قالىغاچ،
قالىغاچنىڭ قارنى ئاچ.

باللىرىغا دان بىرەلمەى،
ئوزى قابتۇ ياليڭاچ.

كەچ كرسە تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بلەن قىرشقاندەك.
يۇرتۇمدن ئايرب ئەندى،
لاچىن سوقفان توشقاندەك.

كىيىدم كىپىنەك تونىي،
گۇلخاندا يانا مەن دەب.
ئالدم يا بلەن ئوقنى،
دۇشمەننى ئاتا مەن دەب.

كىتب بارغان عومرۇمگە،
تولادن-تولا ئاغرىيمەن.
يەرگە چۇشكەن غازاڭدەك،
كۇندن-كۇنگە ساغرىيمەن.

مەن بىغڭغا كرمەيمەن،
بر گۇلۇڭنى ئۇزمەيمەن.
ئەندى كەلدم عەقلمگە،
نادان بلەن يۇرمەيمەن.

مەن بۇ يەردە يۇرگەننى،
دۇشمەنلەر كورەلمەيدۇ.

قولىغا قوش پچاق ئىلىپ،
جان تاتلىق ئۇرالمايدۇ،

مۇنداقما بولامەنمۇ،
بالاغا قالا مەنمۇ.
جاپانى تولا تارتىپ،
هالاۋەت كورەمەنمۇ.

مەن ئوزەم بۇ يەرلەردە،
كوڭلۈم يەنە بىر يەردە.
غىرىلىق ئەسەر قىلدى،
دودى - شاك كۈرەلەردە.

مەن ئەندى قانداغ قىلاي،
غەمگە قالغان بىشىمنى.
كەتكىلى ئۇزاق بولدى،
سىغىندىم ئاداشىمنى.

مەن ئولسەم ئىتىم ئوچەر،
بىشىمدىن شامال ئوتەر.
مىنى دىگەن دوسلىرىم،
بىشىمدىن يىغلاب ئوتەر.

نوۋەتى غازاڭ يەتدى،
ماۋسىمى باهار يەتدى.

بەخت بزگە يېقىن يەتتى،
نازم مۇنى دەپ كەتتى.

غېرىب ئاۋارە دۇر كوڭلۇم،
ئانايىنلىق ماكان بولماس.
غېرىبلىقدا ئولۇپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە ناۋان ئولمەس.

غېرىب بولدۇم-غېرىب بولدۇم،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.
غېرىبلىق شەرىدە يۇرۇپ،
ئادا بولغانغا يىغلايمەن.

ياشلىق باشقا دوۋلەتتۇ،
قېرىلىق باشقا مەينەتتۇ.
ئۇخلىماڭلا ياش باللا،
بۇگۇن-تاڭلا نادامەتتۇ.

يا بلەن ئاداشم يوق،
ئەلگە ئەتىۋارىم يوق.
شۇ كۇندە ئولۇپ كەتسەم،
بېشمدا مېھرىبانم يوق.

يىگرمە ئىككىدە يىشم،
ئافاردى مېنىڭ بېشىم.

ئيتمنى سوريسيلا هەمرا،
بۇ يولدا يوقمۇ يولديشم.

تاقفا چققان مەدبكارنڭ،
ئويى يوق نەدە ياتار.
ياغسا يامغۇ، چقسا بوران،
قايغۇ قلب قايدا بارار.

داۋانديكى قورغان،
مەھرەم باللانڭ جايى.
يەتمەمدۇ خۇدايمغا،
غيرب باللانڭ ئاهى.

ئيتم جەدە، ئيتم جەدە،
ئيتمنڭ قۇيرۇغى يەردە.
غانجۇغامدا شير كوكا،
مينڭ قوتۇرۇم نەدە.

كيتەى ئەندى، كيتەى ئەندى،
ئاتام بلەن ئانام قالسۇن.
ئاتام بلەن ئانامنڭ،
ئچيدە ئوتليرى قالسۇن.

ئەل بەرگەننى مەن بەردم،
تەلەب قلميدم ياردن.

ئوتقا سالمیسام سینی،
قاچان چقیدۇ دەردم.

ئالتۇن پوتا دەككینە ـ
ئاپپاق ئوپا دەككینە.
هەر كشینىڭ یاری بولسا ـ
كوڭلی مەیلیدەككینە.

ختای كەشنی خەی دەیدۇ،
تۇرۇب چامغۇنی سەی دەیدۇ.
كچیكنە قارا كوز،
قچقاسام لەببەی دەیدۇ.

جرغیلاڭنىڭ یوللیری،
تارام-تارام سای كیچك.
جرغیلاڭدن قز ئالدم،
قزل ئالمیدن كچك.

ئیتك نیری تۇرسۇن،
سوندۇردی ئیگەرمنی.
ئاتام بولسا ئالار ئیدم،
كونا یار جگەرمنی.

قاپاق چلم قویندۇمدا،
نەشینىڭ خۇماری مەن.

يارنڭ ئۆزىگى قولۇمدا،
بر كورۈشكە عشقى مەن.

هاۋاديكى ئۈچ ئودەك،
ئوچيليسى بر خلدەك..
يىگى ئوسمە ياش باللا،
ئيچلغان قزل گۈلدەك.

دەريا بويىدا ساندۇق،
ساندۇقتا سامان سالدوق.
ئانار خاننڭ تويىغا،
رەڭ-ميرەڭ توگا سالدۇق.

يۇقۇردن چۇشۇب كەلدم،
قولليرمدا بەردەڭگە.
نيشانە بولب تۇرغۇن، —
ئيتب باقاى مەيدەڭگە.

كوچيدا ناخشا ئييتسام،
ئەل ميني ساراڭ دەيدۇ.
ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

# ماقال ھەم تەمسىللەر

ئاۋايلىماي ئۇرۇپ ئىدىم،
ئاغرىماي ئۇلۇپ قالدى.

ئالدىرىساڭ ماڭا باق.

ئايدا ئوتاق بولمابتۇ، يىلدا خوشنا.

ئالدىغىلى كىچىك بالا ياخشى،
خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى.

ئاش بەرگەنگە مۇش بىرىبتۇ.

ئاسماندىكى غازنىڭ شوۋىسىغا نان چىلابتۇ.

ئانا كەسپىڭنى تاشلىما!

ئايرىلغاننى قار باسار،
بۆلۈنگەننى بوران.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

ئانىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى،
بالىسى ئىتتىنۇ توڭغۇزنى.

ئايىغى ئىلدام ئاشقا،
ئاغزى ئىلدام باشقا.

ئارىدا قاڭشا بولمىسا،
بىر كوز بىر كوزنى يەيدۇ.

ئايىڭ ئون بېشى قاراڭغۇ،
ئون بېشى يورۇق.

ئاخماققا — توخماق.

ئاچنىڭ ئالدىدا ئەدەپ دىنىمۇ ساتىۋالماق بىلمەس

ئاۋالقى قۇلاقتىن
كېيىنكى مۈڭگۈز ئۆتۈپتۇ

ئاچ قالمىغىچە ئاچلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
پىيادە يۈرمىگىچە ئاتنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئارىسا قالدىڭ، ئىشلىسا قالدىڭ
پەگىدە قالدىڭ يىغىدا قالدىڭ

ئانىسىنى ئۇرما، ئۇڭالىدۇ يار.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن،
تانا سۈتى بىلەن كىرمەيدۇ.

ئالسام، بەرمىسەم.

ئالماقدىن بەرمەك ئەلا

ئالغاندا «ياپىر»
بەرگەندە «كاپىر».

ئالغىچە ئالمان
بەرگىچە بەزگەك.

ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئاناغا يېتىشىدى
چەلپىگىنى ئىشتلار تالاشىدۇ.

ئاتامنىڭ ئاپقېلىشى ئانامنىڭ بارغىلى ئۇنىمىغىنىغا يەتمەپتۇ.

ئادەم ئەتكىنىگە تىل يەتمەس

ئاتمىش ياشلىقنىڭ بىلمىگىنىنى
ئالتە ياشلىقدىن سورا!

ئاغىنەڭ قارغا بولسا يېمىشىڭ پاقا.

ئاش بولسا ئىش بولمىسا
ياز بولسا قىش بولمىسا.

ئاش كەلسە ئيمان قيچبتۇ.

ئاسماندن تەيتۇلا ياغسا،
تۇمار قيپى تەگمەبتۇ.

ئاتاقسز ئەردن، ئيگز دوڭ ياخشى.

ئاتا كامچيليغى ئەمەس،
لاتا كامچيليغى.

ئالدريغاننڭ توشۇغى تيشبتۇ.

ئەمگەك بلەن ئەر كوكۆرەر،
يامغۇ بلەن يەر كوكۆرەر.

ئانيسى با چيچەك،
ئانيسى با چيچەك.

ئالديڭ ئۇتتۇڭ، ساتديڭ يۇتديڭ.

ئاخماقنڭ ئەقلى چۈشدن كيين.

ئالتۇننڭ قەدرينى زەرگا بلۇر.

ئالتە ئولچەب بر كەس.

ئاتقا منسەڭ، ئاتاڭغا باقما.

ئاغرق تورليسە جينڭنى ئالۇر
شفا ئۇرۇسە پۇلۇڭنى.

ئاغرق قايدن كيلۇر— ئاشدن
بالا قايدن كيلۇر— قاياشدن.

ئيتنڭ ھارسا— دوڭگە چاپ.

ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر،
توشقاننى قومۇش.

ئاغرقنى بۇس ئۆلتۈرەر،
يىگتنى نومۇس.

ئاۋالدن مينڭ ئيدى،
تليۋيدم دورا بولدى.

ئايرلغانغا ئۆلمەيمەن،
ھبقبدەمگە يغلايمەن.

ئاقچا تاپساڭ، ساناپ ئال!

ئاتا كورۇپ قز ئال،
قرغاق كورۇپ بوز.

عادالەتسز كشى قلسا شاھلق،
ئولا ياخشى بۇ شاھلقدن گادايا

ئات — ئەر كشيگە قانات.

ئات — بر قليغى يات.

ئات تاپقچە، ئيگە تاپ.

ئات ئېغىنىغان يەردە تۈك قالۇر

ئات ئىگىسىنى، ئات كەينىگە مىنگەزمەيتۇ.

ئات ئايلىنىپ قوزۇغىنى تاپار.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئالدىرىماڭ يارەي،
سىزگە قويغان بارەي.

ئالدىرىغاندا ناخشا ئېيتسان.

قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى،
تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى.

ئادەم تىلىدىن كىيتەر،
ھايۋان مۈڭگۈزىدىن.

ئاچچىق ئالدىدا يۈرسە
ئەقىل كەينىدە يۈرەر.

ئاچچىق يۈتۈش ئەم يۈيۈش.

ئاچنىڭ كۆزى ناندا، توقنىڭ كۆزى چىكمەندە.

ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئاناڭ كەم بولسا،
سەن شۇنىڭ ئوغلى

ئادەمنىڭ ئەقلى بولمىسا
كۆزى تام تۆشۈكىگە ئوخشاش

ئاغزىدىن چىقتى، سافىلىغا ياماشتى

ئاغزى يۇمشاق موزاي، قوش ئەمچەك ئېمەر

ئالدىرىغان قالار،
بۇيرىغان ئالار.

يامانغا ياغ ياراشماس،
ئۆشكىگە يۇمغاسۇت.

ئانىلىق يېتىم — كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم — گۈل يېتىم،

ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ،
بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

ئاتقان ئوق، يېنىپ قايتماس

ئالدىرىماڭ ئالدا كېلۇر،
تىكىر قىماڭ تاڭلا.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل،
كەينى تىكەن.

ئاخماقنىڭ چوڭلۇقى كىچىكلىكىدە يوق

ئىشىنى يەپ، ئازىغىغا چىققانلا

ئالتۇن، كۈمۈچ تاش بولدى،
ئارپا، بۇغداي ئاش بولدى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
چەنتەب ئۆزەڭدىن قالما.

ئاغزى كويگەن «پۇح» دەپ يەر.

ئاغزى ئاشقا يەتكىچە،
بېشى تاشقا يېتىپتۇ.

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ،
ئۆلۈم ھاشكارە.

ئالتۇن يەردە ياتماس،
ياخشىلىق ھېچ ئۇنتۇلماس.

ئالدىراب ئاشقا چۈشكەن.

ئاغىنەڭ ساق بولسا،
ئاشلىقدا ئات.

ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق.

پۇلۇڭغا ئىشەنگىچە،
ئەقلىڭگە ئىشەن!

قولىدىكىنى ئالتە قېتىم ئىزلىگەن.

ئاز يەب، ئاسان ئىرلا!

ئاز بولسىما ئيشم، غوغاسز بيشم.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار
يۈگريگەن باغ.

ئادەمنڭ تيشيغا باقما، ئچيگە باق.

ئادەمنڭ جينى چقسا، تازنڭ كۆلكىسى...

ئادەمنڭ ئادەمليگى،
ئاچچيغى كەلگەندە بلينۇر.

ئارتوق دوۋلەت باشنى يارماس.

ئاتاڭنڭ بيشيميدى، مۇنچە قلب.

بلگەنگە ئون ئككى،
بلميگەنگە ئوتتۇز ئككى.

باينڭ پۇلى، ئوچاقنڭ كۈلى.

بوشۈك باليسى ـ بەگ باليسى.

بلمسزگە ئش يوق،
ئشسزگە ئاش.

بۈگۈنكى ئشنى ئەتيگە قويما.

بەل باغليغان بلەن ئەر ئەمەس،
باش تاريغان بلەن خوتۇن ئەمەس.

باريدا پولدۇرۇڭ ــ پولدۇرۇڭ،
يوقيدا قاراب ئولتۇرۇڭ.

بار-يوقى بر بالام،
باش-كوزى ناز بالام.

بيكارنىڭ چوليسى يوق.

بلميگەنگە ياخشيلق قلغينىڭ بوش
تڭشيميغانغا سوز قلغينىڭ بوش

بەرگەن بەككە يارابتۇ،
بەرميگەن كسەككە؟

بارمايمەن ديگەن توگمەنگە
يەتتە قيتم بيربتۇ.

ئالغاندا «بسمللا»،
بەرگەندە «ئەستاغفرۇللا».

بۇغداي تەرسەڭ كۆزگە تەر،
ئارپا تەرسەڭ بورغا تەر.

باش يېرلسا ــ بورك ئچيدە
قول سۇنسا ــ يەڭ ئچيدە.

بيلى بوشنىڭ گيپى بوش.

بيكار كەلگوندەك ئەمەس،
ئسراپلقدىندەك ئەمەس.

بالا ـ قازا كورۆنۆپ كەلمەس
پۆت قولىنى ساڭگىلىتىپ.

بىشىڭ ئىككى بولمىغىچە
مىلىڭ ئىككى بولماس.

بورىنىڭ يېمىسىما، ئاغزى قان

بازاردا مىڭ كىشى،
كوڭۆلدە بىر كىشى.

بىرىپ يەتمىمەن،
تۆگەپ قالىدىغاننى بىلمەيمەن

بەرسە يېمەس
تاپسا قويماس.

بار پەرمان بىلەن،
يوق ئارمان بىلەن.

بار توخشىيتا،
يوق قاخشىيتا.

بىگىڭگە يەتكىچە، بىلىكىڭ سونار.

بىلگەن بىلىمىگە ئىشىنەر،
بىلمىگەن نىمىسىگە؟

باي مىلىنى سورلەيتو
گاداي مۆكىنى.

بوغۇمسز يەرگە پچاق سالما.

باي بارىنى بەرمەس،
يوق قاراپ تۇرماس.

باليلق ئوي ــ بازار،
باليسز ئوي ــ مازار.

بالىنى ياشدىن ئۆگەت،
خوتۇننى باشدىن.

باي ــ بايغا باقا،
سۇ سايغا ئاقا.

بيشك نەدن كەتدى، ئاغزكدن.

بۇغدايىنك بانيسيدا،
قارمۇق سۇ ئچىتۇ.

بيرشنك بيشينى ئيلش ئوكشار.

بيكا تۇرغيچە، بيكا ئشلە.

بوك ئال ديسە، باش كيسىتۇ.

بوغۇزلى پۇتۇن ييسە،
ئاييغيدىن تۇتۇن چقار.

بر ياخشيلق ئۇنتۇلماس،
بر يامانلق.

بر ئۈبنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا،
مىڭ ئۈبنىڭ تۈۋىغى سىقرار.

بوبىنى ئىگەلمىسەڭ، قولىنى سوى.

باشدا سوز بولسا، ئاياقدا ئۆن يوق.

بورى يىرب بەردى،
قاغا چوقۇب بەردى.

بۇ دوۋلەت سەللە ئۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە!

بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا.

بورىسى يوق جاڭگال،
ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس.

سورا-سورا بلىم ئاپتۇ،
ئۈيىلا-ئۈيىلا كىيىن قاپتۇ.

باشدىكى مۆشدىن يىگلما!

بۇغداى نىنىڭ بولمىسا،
بۇغداى سوزىڭ يوقمىدى؟

بۇغداى پانمىغان ئاغزىمغا،
موزاى بىشى بوش كەلدى.

گەپ بىر، قۇلاق ئىككى

بېكا بولساڭ كېچەك تاسما تاندىن يېگىن.

بولمىسىنى بولدۇرالمىدىم،
غوجۇن-قاچىسىنى ئوڭلىدۇرالمىدىم.

بىر ئەرگە نوۋەت، بىر يەرگە.

بازارغا چىق، بەختىڭدىن كۆر

بوينىدىن باغلىغان ئىتتىن ئوۋغا يارىمايمۇ.

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس.

بىرىگە ئالتۇن تاۋاقتا نان بېرەر،
بىرى نانىنىڭ ھەسرىتىدە جان بېرەر.

بارىنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رامچى.

بۆرىنىڭ بولسا تەڭ ئۆرتاق،
قاغىنىڭ بولسا دەرەخ بۇچىقتا.

بىلى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشىدە باق.

بالا بولسا شوخ بولسا، تومتىما يوق، بولسا.

بالا — قىلغان ئىشى چالا.

بېشى يوغان بەگ بولمىدۇ، پۇتى يوغان قۇلار

بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس
تاغنىڭ قەدرىنى داق
دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق قەدرىنى ساق.

بودىنەمنىڭ ماكانى يوق،
نەگە بارسا ۋىيتۇلداق

ئويناپ سوزلىسەڭما،
ئويلاپ سوزلە.

چۇشكە نىمە گىرمەيتۇ
دۇشمەن نىمە دىمەيدۇ.

چاققان جۇگاننى بوشۇك ئاستىدا كورۇڭ.

چرايلىق-چرايلىق ئەمەس، سويگەن چرايلىق

چالا موللا ئادەم ئولتۇرەر

چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ.

چوڭ بولساڭ كىچىك بول!

چراق پەلىگەن تىش تەمەس.

دوستقا دوست كىرەك، ھىسابقا -رەس.

چوڭ قوۋۇق بىشىنى ئاچسا،
كىچىك قوۋۇق ئىچىنى ئاچار

چراق شيمينى خەلق باندۇرۇب قويدى.
ئينى كم «پۇۋ» ديسە، سافيلى كويدى.

جاغدا قوغۇن جينگمۇ،
ئەگرى قوغۇن ئيرگمۇ،
قارا قوغۇن قينگمۇ،
بيشەك شرن بيشگمۇ.

جان بولسا جاهان،
ئاش بولسا قازان.

جننك قەستى شاپتولدا.

جاندن كەچميگيچە جانانغا يەتمەس.

جاپا كورمەى هالاۋەت يوق،
ئناق بولماى ساعادەت يوق.

دوستنك دوستليغى،
بيشگغا كۇن چۇشگەندە بلينۇر.

دەرد بار، دەرمان يوق.

دۇنيا ئشينى ئاخيرەتكە قالدۇرما.

دەشنەم يىگينم، بەش نان يىگينم.

ئيزا ئانقبنم ــ غزا ئانقينم.

دەرت ئاتميغيچە، هالاۋەت يوق.

بۇغداى نېنىڭ بولمىسا،
بۇغداى سوزۇڭ يوقمىدى.

دەرت كەلسە جۇپ، دۆلەت كەلسە تاق.

دۇنيانى توپان سۇيى بېسىپ كەتسە،
ئاستىدا يېتىپ پولۇ يەپتۇ.

دەريا تېشىپ كەتسە،
ئۆدەكنىڭ نېمە ئىشى.

دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى.

دۇمبىسى قىچىشقان ئېشەك،
تۇگمەنگە كېلۇر.

دۇست يىغلىتىپ ئېيتار،
دۇشمەن كۇلدۇرۇپ.

دوست بول سىرىنى بىلىپ.

دوستنىڭ دوستلىغى كېرەك،
ھىسابنىڭ دۇرۇستلىغى.

داب داگرىغان يەردە،
ئېشەك ھاگرىغان يەردە.

داۋاگەر داۋا قىلماس،
داۋا قىلسا قۇرۇق قالماس.

دەئۋا قىلىرىماس.

دوۋلەت ئەگەر قونسا چۆين بىشىغا،
سەمرۈق كىلۇر كۆندە ئىنىڭ قىشىغا.

دوست باشقا باقا،
دۈشمەن ئاياققا.

ئىشەك ئىشەكدىن قالسا قۇلىغىنى كەس.

ئەرنىڭ غەيرىتى تاغنى قلار قۇم (ق. ح.).

ئىشىگىم كورۈكدىن ئوتكىچە ئەزىر.

ئىشەك كۆل تاپسا ئىغىنار.

ئىشەكنىڭ مازا بىلەن ئىشى يوق.

ئىرنىسەڭ يۈگرەرسەن!

ئىشىگى يوق موللامنىڭ قۇلۇغى ئىچ.

ئىگىزنىڭ ئاچچىغى كەلگىچە،
پاكانىڭ جىنى چىقىپتۇ.

ئىيت-ئىيت دىسە،
ئانىسى ئىسىدىن چىقىپتۇ.

ئىرقنى ئويۇپ چاپ،
سۇنى ئويناپ تۇت!

ئيتى يوقنڭ جينى يوق.

ئيتڭ ياخشى بولسا،
قامچا نيمه كيرەك.

ئيشەكنڭ ئوزى هارام، كۆچى هالال.

ئيشەك ئولسە،
قۆكى غيجەك تاتبتۆ.

ئيغرلق راحمانلق،
يينكلك شەيتانلق.

ئيشيگى بر پۆل، توقۆمى بەش.

ئيتماقنڭ ئيتى ئۆاۆغ.

ئيتقان سوز، ئاتقان ئوق.

ئيىق بولسيمۆ ئيرم بولسۆن،
ئوكۆز بولسيمۆ، ئويۆم بولسۆن.

ئيگز بۆرۆننى كوره-كوره،
پۆچۆق بۆرۆن ئچيگه كرب كيتبتۆ.

ئيلب ئالته بولمابتۆ، يەب يەتته.

ئەرنڭ ئوزى ئەمەس—سوزى.

ئەر ييگيلب ئولغا چۆشيدۆ،
قۆش ييگيلب—تورغا.

ئەرزەن گوشنىڭ شوۋيسى تېتىماس.

ئەلنىڭ جىنى چقسا،
گالۋاڭنىڭ كۆلگىسى.

ئەمىلى يوق سوپىدىن،
تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى.

ئەگەر بولمىسا سەندە سوزگە يەتمەك،
نە دوۋلەتدۇر سۆكۈت ئەتمەك.

ئەسكەر ئۆتسە،
ئارىسىدىن كيسب ئۆتمە.

سايە كورۈك بولسا،
ئۆلى بىسب ئۆتمە!

سوزنى قل سغار يەرگە،
سۆنى سەب سگار يەرگە.

ئەلگە كرسەڭ ئىلگچە،
سۆغا كرسەڭ بىلگچە.

ئەللك يلدا ئەل يىگىر بتۇ، يۇز يلدا قازان.

ئەلچىگە ئولۇم يوق، جاچىغا كورۇم.

ئەگلەككە كيتب، ئەرگە تيگبتۇ.

ئەل ئۇستيدە قۇشقاچ ئولمەس.

ئەرنىڭ يالغىنى ئولگىنى.

ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
ناەراتقا پوتلاش.

ئەسكى چاپان يامغۇدا ياخشى،
يامان خوتۇن ئولگەندە.

ئەجەل يەتمەي جان چقماس،
بىخل بايدن پۇل.

گۇمان ئىماننى قاچىرۇر.

گوشنى كورسۇتۇپ، ئوپكە سىتىپتۇ.

گەپ سوزدە ياخشى، كاۋاپ زىخدا.

گاداي بولساڭ شە تالاش.

گەپ دىسە بەش ئىشەككە يۈك.

گاھى بر ۋاخدا مىھمان كىلىدۇ،
قۇيۇپ قويغان ئوپكىدەك،
گاھى ۋاختىدا مىھمان كىلىدۇ،
يۈگرۈپ قوپۇپ تەپكىدەك.

گەپنى قل ئۇققانغا، جاننى جانغا سوققانغا.

غوجامنڭ غوجىسى بار،
چامغۇنڭ ئورىسى.

غەر ـ غەرەزچى كىلە، ئوغرى ـ ئاسمانچى.

غوجامنىڭ ئىتى ئۇلۇغ، سۇپۇرسى قۇرۇق.

غەيرەتلىك ئەردن، تاغ قېچىپ قۇتۇلماس.

ھاى جۇگانىنىڭ قىشىغا قارىغۇنچە،
قاچىسىنىڭ تىشىغا قارا!

ھەرنە بەرسەڭ قولۇڭ بلەن،
ئۇ بارۇر سىنىڭ بلەن.

ھۇنەر ـ قلسا ئۇنەر.

ھورۇن ئىشەك يۇكنى ئىغر كۆتۈرەر.

ھەر كىمنىڭ ئوزىگە،
ئاى كورىنەر كوزىگە.

ھورۇنلىق قلساڭ ئىشگنى كىم قلا،
ئۇيالساڭ سوزگنى.

هارۇاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار،
كالاڭ ئولسە گوش.

ھەممە ئىشنى موللا بلەر،
موللا قوپۇب كۆلگە سىيەر.

ھاكىم تۇزۇك بولمىسا، يۇرت بۇزۇلار.

ھالۋىنى حىكم بەر، تايافنى بىتم.

هۈنەرلك ئولمەس،
هۈنەرسز كۈن كورمەس.

ياماندن يار بويلاب قاچ.

هيليلك ئشدا خەيير يوق.

حاراقچينڭ كوڭلى باى.

حارماڭ ديسه هاپاش بوبتۇ.

حاۋانڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
بوۋاينڭ توقميغى بار، ماغديرى يوق.

هورۇننڭ ئيشيگيني سۈغار، پۇلبنى ئال!

عيقل ياشدا ئەمەس ــ باشدا.

عيقلسز باشنڭ جازاسيني ئاياق تارتار.

ئاناڭ كوك بيشى بولغۇنچە،
ييرڭ سۈ بيشيدا بولسۇن.

كورگەن - كورگەنني قلا،
كورميگەن نيميني قلا.

كەچ قالغان قاراڭغۇدن قورقمايدۇ،
ئەتە كەلگەن دەرەڭگيدن.

كەل تاۋيغم، يان تاۋيغم.

كوڭلى بۇزۇق ئادەم،
باشقىلاردىن ئەيىب ئىزلەر.

كورگەن يولىڭنى ئاتا ئىڭغا بەرمە.

كورگەن كۈنۈڭنى ئۇنتىما،
شىۋە چورۇغۇڭنى قۇرۇتما.

كىشى قولىدا قۇش تويمايتۇ.

كىيكەچ بولسىمۇ،
باينىڭ بالىسى سوزلىسۇن.

كىشىنىڭ ئىشى — بوسۇغا بېشى.

كۈندۈزى سوزلىسەڭ يان - يېنىڭغا باق،
كېچىسى سوزلىسەڭ قۇلاقنى - قولاققا باق.

كىشىگە بەرسەم ئىست ئىشىم،
ئويدە تۇرۇپ سېسار ئىشىم.

كوپ بىلەن ئولۇم، بەجايىكى توي.

كوڭۇلسىزگە، كوينەك كىيگەزمەيتۇ.

كوڭۇل ئاغرىتقان دوست ئەمەس،
مەيدە ئاغرىتقان ئاش.

قىرىنىڭ سوزىنى قاپىدا ساخلا،
ئولۇگىنى ھەفتە،

کیکەچ قزنڭ تلینی ئانیسی ئۇقار.

کوڭلنڭ ئالیسی، خۇدانڭ بالاسی.

کوزۇڭ بلەن کوردۇڭمۇ،
قۇلاق بلەن ئاڭلیغان یالغان.

کوپ یاشیغان نیمە بلۇر،
کوپنی گورگەن شۇ بلۇر.

کوپ بل، ئاز سوزلە.

کم یامانلق ئویلیسا، تابماس یامانلقدن ئامان،
ئۇ یاماننڭ ئافیتی یانغای ئوزیگە شۇ زامان.

کەمبەغەلنڭ چیپی ــ چشکە دورا.

کوز قورقاق قول باتۇر.

کوزگە ئلمیغان ــ پۇتقا چوماق.

کوسەی ئۇزۇن بولسا، قول کویمەس.

کشی ئیتی ئات ئەمەس.
ئککی ئاییغم یات ئەمەس.

کۇلمە کشنڭ دەردیگە،
ئەتە ئوزەڭگە یتە!

کۇزنڭ ئافتیۇیغا قزڭنی قاخلا،
بازنڭ ئافتیۇیغا کیلینڭنی قاخلا.

كشينڭ غيزيني ييسەڭ،
ئودەكنڭ پييدە بول.

كام كورۆب سيني كشي ئلميسە هەر دەم كوزيگە،
ديمە كم قلدى دەب، هەر كشي قلسا ئوزيگە.

كشينڭ ئشيني ئشلەب،
قابسەن ليۆيگني چشلەب.

كۆيۆغۆل كەلدي، ــ خان كەلدي.

كيينكي پۆشمان،
ئوزەڭگە دۆشمەن.

كەڭ كييم كيگيب تتيلار،
تار كييم تارتيشب ييرتيلا،

كەلميگەن پيلەكدە،
ئاناڭنڭ حەققي بارمۆ؟

كوزۆڭنڭ باريدا شەهەر كور،
چشڭنڭ باريدا گوش يە.

كشيديكي ــ خۆداديكي.

كوپني دەب ئازدن قۆرۆق قابتۆ.

كۆچ ئاتيسيني ئاييماس.

كيلمۆر ييرڭ كەڭ بولسۆن.

كۈن كورمىگەن كۈن كورسە،
گۈندۈز چراق ياندۇرۇر.

كۈندۈلۈك غوغا بيشڭدا،
ئويليماي قلغان ئشڭدا.

ئات منسەڭ ئاتاڭغا باقما.

كيلينڭنى كەلگەندە كور،
چاچ بيغينى سالغاندا.

كاللا ديسە پاقالچەك،
پشيرب بيرەى ديسە،
خام يەيمەن دەيدۇ.

كييگز پايپاقڭا ئاخال قاققاندەك.

كوكينى كورۈب كوكسۈڭنى كيريمە.

كويگەن جۈگانغا ئات تيزيگى ئاي كورۈنۈبتۇ.

لەقەمسز ئەر بولماس،
ئويماقسز خوتۇن.

مەن كچك بالا ئەمەس،
ئەمچەكنى «مەمە» ديگيلى.

مۆزدن ئوتسەڭ ئلگرى ئوتكن،
ئويۆلغيچە ئوتەرسەن،
سۆدن ئوتسەڭ كيين ئوتكن،
ئاققنينى كورەرسەن.

موشۈككه ئويۇن، چاشقانغا قيين.

مەن كورميگەن بازار ئەمەس.

مڭلقا بورى تەگسە،
بيلقا پچاق ئيلب يۈگرەر.

مەسلك ــ پەسنلك! (ق. ح.).

ميهمان قويدن يۈگاش.

ميهماننڭ ئوزينى بانقيچە، ئيتينى باق.

مال ئيگيسينى دوريميسا هارام.

مەن چاليغينى چالاى ديسەم،
چالما مينى چالاى دەيدۇ.

ميلك مڭغا يەتكيچە،
توڭگەڭ مڭغا يەتسۇن.

ماى سيسيسا تۇز سيپەر،
توز سيسيسا نيمە سيپەر.

موللينڭ يامينى ۋاراقچى،
بەندينڭ يامينى هاراقچى.

موللا كشى ييرم كشى،
ئككى موللا بر كشى.

موللا كشيدن نان ئالماق،
پيتر ئاندن قل ئالماق.

ميلى بارنڭ ميليغا،
ميلى يوقنڭ جينيغا.

موللىمەن ـ موللىمەن،
موللا كورسەم يولدىمەن.

موللا كوپ بولسا، قوي حارام بولار.

موللا بولساڭ تەكرار قل،
ديهقان بولساڭ شۇديگە قل.

مولليلار برسەللە،
دەرۋيشلەر بر مەللە،
قيريلار بر دەللە.

موللينڭ ديگينينى قل، قلغينينى قلما.

موللا ئوقۇب يەر، قاغا چوقۇب.

مەن ئالدرايمەن يەتكيلى،
ئيشيگىم ئالدرار ياتقيلى.

مەن كويەرمەن بالامغا،
بالام كويەر باليسيغا.

مال ئيگيسيدن ئوغرى كوچلۇك.

موللىغا بەردم ئوقى دەب،
ئۇستيغا بەردم توقى دەب،

سىنى كم غوراز قلدى،
مىكىيانىنى چوقى دەب.

ماختىغان مالخايغا چيچار.

مالنىڭ بيشى نوخۇ.

مەن قيلار مەن ئوتتۇز،
خۇدايىم قلار توققۇز.

مىننەتلىك ئىشكەن،
قارنىمنىڭ ئىچى ياخشى.

مىنىڭ ئىدى سىنىڭ بولدى،
تليۋيدىم دورا بولدى.

ئەخ تەگسە، خۇش كۆليسز.

ئامرانچىلىق تاشدىن قاتتىق.

نىمە تەرسەڭ، شۇنى ئورارسەن.

ئامراتنىڭ بر تويغينى، بر باى بولغينى.

ئادانغا ئىيتقان ئيست سوزۇم،
ئولۇكىكە يغليغان ئيست كوزۇم.

ئامرات بولساڭ كوچۇب باق.

قۇۋ تولكە تۇمشۇغيدىن ئلينار.

ئورۇق ئۈيغا يوغان مۈشۈك.

ئوشۇق مال باشنى يارماس.

ئوساغانقا ئارپا ئينى باھانە.

ئوغلۇم بولسا ئوچاقتەك،
قزلار كيلەر قوچاقدەك.

ئوتنى ئۆتساك كويەرسەن.

ئوتنىڭ ئيشيدا كويگيچە ئچيدە كوى.

ئوغلۇم ساڭا ئيتاى، كيلينم سەن تڭلا.

ئوك ئاياق، سول ئاياق،
بزنى قلديك توم ئاياق.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، ييگنليگيگە ئالۇر،
قزڭ چوڭ بولسا، جۇگانليغيغا ئالۇر.

ئوتۇنچيغا ئوت قالاتما، سۇچيغا سۇ.

ئونيغانغا يونيغان.

ئوتۇن يغديك كۆل يغديك،
ئوت-چوپ يغديك پۇل يغديك.

ئوغاق تۇتۇپ ئاناڭ قالغيچە،
ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن!

ئوغلۇمنىڭ بالىسى، ئۇزەمنىڭ بالىسى،
يات قىلغان ئانىسى.

ئورىنى كەم كولىسا، ئوزى چۈشەر.

پۇل تاپقىچە ئىلىم تاپ.

ئوق ئاتما، كوڭۇل ساتما.

ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ.

ئوغۇل بالا ئوتتۇزغا كىرگەندە،
بىر قارا ئات، بىر ئاق ئات توقۇغلۇق.

يالغانچىنىڭ قۇيرىغى بىر تۇتام.
تاۋىغىنى ئالساڭ، قوشۇغىنى قوي!

ئوغرى ئوز پۇلىنى يەر.

ئوشكىگە جان قايغۇ، قاسساپقا ماي.

ئولگەندىن ئوپكە سوراپتۇ.

ئوزىنى سورىغان،
قازى ئىشىگىگە بارمابتۇ.

ئوي ئەنسىزلىگىدىن، گور ئەنسىزلىگى ياخشى.

ئوزىنى بىلگەن خار ئەمەس.

ئوز ئويۇمنىڭ خۇشلىغى،
پۇت-قولۇمنىڭ بوشلىغى.

ئولۇككه گور تيپيلا، تريككه ئوی.

ئوزهگنی بهك تۇت، خوشناگنی ئوغری تۇتما.

ئوزینی ئاییغان سۇلتان،
ئوزینی ئاییمیغان ئۇلتان.

ئوییگزده قۇرۇق ئۇنلغیگز یوق
ئیتیگز ماجان بۇۋی.

ئورۇك یهب ئاغریغیچه،
ئالما یهب ئولیۋال.

ئویۇگگه كر گۇزمه قیری دهللینی،
كریدۇ-چقیدۇ، بۇزیدۇ پهللینی.

ئوزهڭ ئۇچۇن كۇلهرسهن،
يۇرتڭ ئۇچۇن ئولهرسهن.

یالغان گهپ چاپسان بییلۇر.

ئولگهن ئینهك سوتلۇك بولیدۇ.

ئوتكهن ئومۇر — ئاققان سۇ.

ئوتكهن ئشقا سالیۋات.

ئولۇك قایدا باریسهن، —
بارنڭ پۇلینی چاچقیلی،
یوقنڭ ئیتیگینی ئاچقیلی.

ئومەكلك ئشتنڭ قۇيرۇغى ئورە.

ئوزليرى بولالمايدۇ، بولغاننى كورەلمەيدۇ.

ئولگەنگە سبرلغان.

ئوزيدن كەچميگيچە،
كشيني خۇش قلب بولماس.

ئوزەڭني ئەر چاغليساڭ،
باشقيني شەر چاغلا.

ئويدن-ئويگە كوچسە،
ئوغلافلق ئوشكيگە زيان.

ئوزيدن خوريگى چوڭ.

ئولۇڭ ئولسە، ئۇچ كۇن سوز-چوچەك.

ئوزەمنڭ دەرمەن،
يۇگرەب قوپۇب يەرمەن.

ئوزى تويميغاننڭ، كوزى تويماس.

ئويدە ياتقانلا گردە يەر،
كەتمەن چاپقانلا جگدە يەر.

ئوزەڭني بل، ئوزگيني قوي.

ئوزيدە تاغالاب تۇرسيمۇ،
ئەلنڭكيگە قاب ئيلب يۇگرەبتۇ.

ئولگەننى تەپكەن.

ئوزىنى ماختىغان بر ئاخماق،
خوتۇنىنى ماختىغان ئككى ئاخماق.

ئولگەندن ئوپكە سورابتۇ،
ئەسكى تامدن قوقاق.

ئولگەن قايتماس، ئوچكەن يانماس.
ئولىمەن دىسە، ئۆرىمەن دەيدۇ.

ئولۇب ـ ئواۇب ئاز قالدى،
ئككى ئاللا تاز قالدى.

ئويدە بار، ئويىدا بار.

ئوكۇز بلەن بەراۋەر بولىمەن دەب،
پاقا يىرىلب كىتىبدۇ.

ئوينك چوڭى بولمىسا،
ئوشكىنك ئىتى ئابدۇراخمان.

ئوينك ئولچىگى بار،
ئوتتۇرسىدا كولچىگى.

ئوزى قلغان ئەر، ئوزى يغلىمايدۇ.

ئولۇككىما ئۇچ كۇن سوز،
تركىما ئوچ كۇن.

ئۆز پۇتيغا ئۆزى پالتا چاپقان.

ئوتكەميدن ئوتۈب،
غەلۋيدە توختابتۇ.

ئوزەمنى بلمەى شلتڭ ئيتپتيمەن،
پالازغا يوگۈنۈب ئۈچ كۈن يېتبمەن.

پۇل تليسەڭ ئەمگەك قل.

بورينڭ تاپقينى تەڭ ئوتاق،
قارغينڭ دەرەخ ئۈچيدا.

پاقا برسەكرەر، ئككى سەكرەر،
ئۈچنچيدە ئوريغا چۈشەر.

پنناس يەرگە چۈشسە، ئۈنى ئەرشكە چقار.

پۇت - پۇتقا، قول - قولغا.

پشميغان تويغا،
قازان ئيسب بولمايدۇ.

پچاقنى ئوزەڭگە ئۇر،
ئاغريميسا ئوزگيگە.

بلملكنڭ گيپى ئوڭ،
بلمسزنڭ گيپى توڭ.

باغدا ياتقانلار گردە يەيدۇ،
كەتمەن چاپقانلار زاغرا.

پۇشقاقتا پىشت چۇشلدى.

پىرك بولغان، ئىرك بولار.

پىشتىنك ئاچچىغىدا، چاپاننى ئوتقا سابتۇ.

پوقتا چالما ئاتساڭ ئوزەڭگە چاچرار.

پالسز يۇرمە، پالغا ئىشەنمە.

پاراڭ لەدن چقيدۇ، كوڭولدن.

پۇلۇڭ كوپەيگىچە، دوستۇڭ كوپەيسۇن.

قش ئوچيغى تار، قوپ ئويۇڭگە بار.

توزەكنى مەككەم تۇت،
خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

قىرىغاندا قيرى تاتۇق،
قلقليرى ئاندن ئارتۇق.

قلغان، ئەتكەننى حالالليدۇ.

قۇلياغا قۇيماق.

هەميگە بوغۇساق، ياسنغا يۇبقا.

قالغان ئشكە قار ياغار.

ئشليسەڭ ئالارسەن ئون خوئاش.
ئشليميسەڭ قالارسەن ئاچ.

قارلى يامان هيىتدا ئولەر.

قازاننڭ گۈۋاچيسى چومۇچ.

قزلق ئويگە قرق ئات باغلينۇر.

قليغينى بلمىگەن ئاتقا يىقن بارما.

قاغا قاغينڭ كوزينى چوقۇماس.

قزى بارنڭ نازى بار.

قارا قازاننڭ ئيشى تانلق،
مس ليگەننڭ تۈۋى.

قەست قلغاننى پەست قل!

قازاندا بولسا چومۇچكه چقار،
بولميسا نيمه چقار.

قالماق ئيتى بوغۇز يىمەس،
بوغۇز يىسە تورۋا تيشەر.

قوققاندىن ئاۋال مۈش تەگلەيتۇ.

قاسساپ دوستيغا ئۈستيخان بيرۇر.

قوغۇنغا ئوغرى كرسە،
يە خيمىنى قويماس، يە پشىشيغىنى.

قييق كشى بر سيرى،
قرق كشى بر سيرى.

قوغۇن پشسا، ساپيغيدا تۆرماس.

قاچان ئلماش قلاليغاى،
ئوزەم ئيبتقان سوزۇمدەك.

قۇلدەك ئشلەب بەگدەك يېگن.
بيكا بولساڭ كيپەك تاسقاب، تاندەب يېگن.

قاتريغان قالۇر، يۈگريگەن ئالۇر.

قاغا بالام ئاپپاق،
كرپە بالام يۇمشاق.

قزنى ئانيسيدا ساخليسۇن،
توغۇلنى ئاتيسيدا.

قارغۇ تۇتسا قويماس.

قۇرۇق حيسابنڭ ئەتيۋارى يوق.

قازان ئالساڭ قيقب ئال،
خوتۇن ئالساڭ بلب ئال.

قاشقا سانيساڭ كوزگە،
كشيگە سانيساڭ ئوزگە.

قزنڭ جينى قرق.

قۇل ئات منسە چقميغان دوگى قالماس،
كينيزەك مونچاق ئاسسا، كرميگەن ئويى قالماس.

قيرنداشدن قارنم ياخشى.

قاغىلا قاق ئېتىدۇ،
ئوز كوڭلىنى شاد ئېتىدۇ.

قارا بىشم ئامان بولسا،
ئالتۇن ئاياقدا سۇ ئچىمەن.

قىرى قۇلاق ئۇزۇن قۇلاق.

قىرىغاندا قز بولدۇم،
ئالدرىغاندا ئۇز بولدۇم.

قالپىغى يوق تالدن،
قانىتى يوق سا ياخشى.

قانەعەتلك كشىنىڭ قارنى توق

قورۇنغانغا قۇرۇت چىچار.

قاغىنىڭ مىگىشىنى دورايمەن دەپ،
قۇشقاچنىڭ پۇتى يىرىلىپ كىتپتۇ.

قزغانچۇقنىڭ ئىشىنى بىسب يە.

قز بالا ئوى زىننىتى

قولى قاشاڭ موللىدن،

ئايىغى ئلدام گاداى ياخشى.

قاشاڭ ئودەك بۇرۇن ئۇچار.

قاننى قان بلەن يۇغىنى بولمايدۇ.

قارغۇ تۇتقىنىنى قويماس،
پاك تۇققىنىنى.

قوققانغا قوش كورىنەر.

قولۇڭدىن كەلگىنىنى ئەلدىن ئايىما.

قول قولنى يۇسا،
قول قوپۇپ ئۆزىنى يۇيار.

قلغاننىڭ ئۆزى يۇرۇق،
قلميغاننىڭ ئۆزى چورۇق.

كشىگە سانىغان ئوزگە،
قاشقا سانىغان كوزكە.

قۇرۇت ياغاچنى ئچىدىن يەر.

قارغۇنىڭ تلىگى ئىككى كوز.

قارغۇغا كۈنما ئوخشاش،
تۈنما ئوخشاش.

قارغۇ باتۇر بولار.

قزنىڭ كوزى قزلدا.

قازا ئىككى، ئولۇم بر.

قۇلاق ئاڭلىغاننى كوز كورەر.

قيريغاندا ئات تيزيگى ئالتۇن بولار.

قاغيغا ئوق ئاتما، يامانغا سوز قاتما!

قايناق سۇ ئىچ، كوكلۇك تيچ.

قيچىب كەتسەڭ، چيچىب كەت.

قوينىڭدىن توكۇلسە، قونچىڭغا.

قۇرۇق تاغا ئوره تۇرماس.

قاچان بولغاي ئوزەمدەك،
قاراب تۇرغان كوزۇمدەك.

قولىنى كەسمىگيچە قان چقمابتۇ.

قارا كيگىز ئاقارمايدۇ.

قوناق بولساڭ قوقاق بول.

قوناق ئاز ئولتۇريدۇ، كوپ سنايدۇ.

قۇش قيرب دەرەخدە قونماس،
ئەر قيرب هەمرا بولماس.

قيرى خوتۇن ياش بولدى،
جۇگانلارغا تەس بولدى.

قارغۇنى يادا قستابتۇ.

روزينى مەن تۇتساممۇ،
هيتنى باشقيلا قليدۇ.

سۈنى سەپ سىڭەر بەرگە،
سوزنى قل سغار يەرگە.

سوراب بەرگىچە، ئۆرۈب بەر.

سۇ كىتىدۇ تاش قالىدۇ،
هو-ما كىتىدۇ قاش قالىدۇ.

ساڭا بىقبمەن، ئشككە بىقب دەم.

سەن سالا، مەن سالا،
تاشقا پوچاق كم سالا.

سوزدن سوز چقار.

سۇسايغا ئاقار، باى بايغا باقار.

سىير سىپيغاننى بلمەس، يامان بەرگەننى.

سەۋرى قلغان غوريدن هالۋا پۈتەر.

سەن تىرىيسەن، باللىرڭ تورىيدۇ.

سوزلىگەلدن سوزلىمىگەن ياخشيراق.

سانسزغا سان تەگدى، ئشتانسزغا ئاغ.

سوزنى تيجيمەلدن سوراڭ، يولنى كارۋاندن،

سايدا تاش تيپلماپتۇ،
ئاختاميدا داڭگال.

سرليششقا ٴنوز ياخشى،
سويۇشۇشكه يات ياخشى.

سۇنى كورمەى نۇرۇپ، ٴوتۇك يەشمە.

سۇغا سالساڭ سۇ كوتەرمەس،
مسقال تومۇرنى.
ٴالتۇن بيرپ ٴيلب بولماس،
يانغان كوڭۇلنى.

سوز بەرگەن بوز بەرمەس.

سيەزنڭ پۇتى سەككز.

سەلله ديگەن ــ بر يۇك،
ساقال ديگەن ــ بر تۇك، گەپ جاسۇيدا.

سۇكەكنى غاجيليغان بلەن ياغ چقماس.

سەۋرى تۇۋى سيرق ٴالتۇن.

سوزگە سوز كەلسە، ٴاتاڭنى ٴاييما.

ساياق يۇرگەن تاياق يەر.

سوقا توگساڭ مۇز يە.

ساقالديكى ٴاشقا قوساق تويماس.

سيىگەك سۇغا ٴامراق.

سەن تەرتىپنى ئۈزلىمىسەڭ،
تەرتىپ سىنى ئۈزلەيدۇ.

سادىن لاچىن تۇغۇلۇپتۇ.

شامال چىقمىغىچە دەرەخ ئىغاڭلىماس.

شاراق-شۇرۇق ئات كۆتۈرەر،
جىمىغۇر پۇت.

ئانداغ قازانغا شۇنداغ چۆمۈچ.

تەگىسەڭ تىرىق بولدى،
تەگىمىدىم ئىرىق بولدى.

تىچمۇ دىسە بالاغا قاپتۇ.

ئاللاپ-تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

ناز بولسىمۇ مىنىڭ ئاتام.

توڭغۇز قوي بولماس.

توڭغۇزنى يۇساڭما توڭغۇز.

تاڭلىسى قوپۇپ خوشناڭغا باق.

تاز بازارغا بارسا، شۇم خەۋەر ئاپار.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ تورۇن بار.

تامغیلق مال یوقالماس.

تویغا بارساڭ، تویۇب بار.

تاز_تازنی كورسه بیشی قیچیشار.

تۆرۆك ئادەمگه بر توقماق،
موللیغا ئون توقماق.

تویغان یەرگه توققۇز كۆن تازم.

تاز گۆل تاپسا، قسیدیغان یەر تاپالمابتۇ.

كوپ سوز ئەرنی ئاخماق قلۇر.

یاخشی سوز تاشنی یارۇر.

توپقا قاراب تاش ئاتما.

تویغا بارساڭ تویۇب بار.
توققۇز توگا كییب بار.

تل یۆگریگی باشقا،
ئایاق یۆگریگی ئاشقا.

تاگدیكی قۆیرۆقدن،
بۆگۆنكی ئۆپكه ئەعلا.

تەننڭ ئازیلیغی پادشاهلق.

تاغدیكی كییككه پۆت كوتۆرەر.

توپاقنى چمداب ئولتەرگەن.

تيزينى باسسا بيزى.

تيپشميغيچه ئيلشماس.

تار يەردە ئاش ييگيچە،
كەڭ يەردە مۇش يە.

تيشى پال-پال، ئچى تال-تال.

تيرييسەن ئورييسەن.

تيجيمەل كيپن تاپسا، ئولۇب قالار.

تاما-تاما كول توشار.

توشقان تيريسى ئۈچ كۈن چدار.

تەنە قلماڭ، تاڭلا ييتەر.

تاز باشقا تۈك ئۈنگەندەك.

تولا يەيمەن دەب،
ئازدن قۇرۇق قابتۇ.

تەرجينىڭ بيگى ئولمەس،
جوگاننىڭ ئيرى.

تيريگەن خامان قلۇر،
تيريمىگەن ئارمان قلۇر.

تۇی بولسا قۇرۇق كاللا دۇگلەيدۇ.

تۈگىنىڭ مازا بىلەن ئىشى يوق.

تۈشۈك مونچاق يەردە قالماس،
يەردە قالسا تويپا باسماس.

تازنىڭ نىمىسى بار، تومۇر تاغىقى.

تاشقا چاچ ــ بەختىگەن كور.

تۇرماس مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى.

تىلىگەننىڭ قېنىغا، تىلىمىگەننىڭ جېنىغا.

تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن.

تارتىنغان ئاچ قاپتۇ.

تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر،
تەلەيسىزنىڭ ئويى كويەر.

تامچا تاما ـ تاما چېلەك توشار.

تۇققان يەردىن تۇرغان يەر ياخشى.

تۇغرى ئېيتقان تۇققىنىغا ياريماپتۇ.

ترك بولۇب ساندا يوق،
ئولۈك بولۇب گوردە يوق.

ئاققا چقش قيين، چۈشۈش ئاسان.

تولا سوزليگەن تۇتۇلار،
ئاز سوزليگەن قۇتۇلار.

تلـڭنى يىغب سوزلە،
چشڭ سۇنمیسۇن.

تورۇستيكى كەكە بالامنڭ بيشىغا چۈشميسۇن.

تەڭ يىگەن ـ تەڭ-گە سيگەر،
يالغۇز يىگەن يەرگە.

تس، تەڭ-تەڭ، تس تەڭ-تەڭ،
مەن ئیيتاى سز ئاڭلاڭ.
قيمار كەلميسە يغلاڭ،
ياغلقنى بەش پۇلغا داڭلاڭ.

تەۋەكەل دەرياسىغا سالغل كيمە،
خا ئاقسۇن، خا چوكسۇن، غەم ييمە.

تاز قزغا ئەر تاپماق،
قدام كەكيگە ساپ تاپماق.

تاپقينى گۇل كەلتۈرۈر،
تاپميغينى بر باش پيياز،

تاپقىنى قوى ئولتۇرۇر،
تاپمىغىنى جۇجە غوراز.

تۇگمەندە مەن بواسام،
چىقلدۇرغۇچى سز بواۇڭ.

ئۇرۇش دىسە، نىمە تۇرۇش.

ئۇياتلق مىهمان كەلگەندە،
نان تۇگەپتۇ.

ئۇرۇق-تۇققان تىپپىشار،
ياتقا بالا يىپپىشار.

ئۇستا باردا قولۇڭنى،
موللا باردا تلڭنى.

ئۇسسۇساڭ تالقاننى كاپ ئەت.

ئۇيات ئولۇمدن قاتتق.

ئۇزۇڭنى بلمىسەڭ سۇدا ئوينىما.

ئۇچنڭ برى خانغا يارا پتۇ.

ئۇستۇن بىقب تۇكەرسەڭ،
يىنب چۇشەر ئوزەڭگە.

ئۇزۇمنڭ قىلنلىغى،
جىنمنڭ راحىتى.

ئورۇك ــ ئورۇكنى كورۇب ئالا بولار،
ئۈزۈم ــ ئوزۇمنى كورۇپ بالا بولار.

ئۆنى بوقنىڭ خۆنى يوق،
بلەمسزنىڭ جىنى يوق.

خونخايغا بارساڭ ــ قوساق ئىلب بار؛
غالجانقا بارساڭ قاز ان ئىلب بار،
ئاچنوقىغا بارساڭ ــ قوزۇق ئىلب بار،
شۇنقارغا بارساڭ ــ چورزق ئىلب بار،
دەۋۇنغا بارساك ــ پچاق ئىلب بار.

خل-خليدا، پچاق قنيدا.

خوشناڭ كور بولسا، كوزۇڭنى قس!

قۇشناچم باقيدۇ ئوشكە،
بزنى قويمايدۇ چۇشكە.

خوتۇن ئەرگە قارايدۇ،
ئەر بەرگە قارايدۇ.

ۋافاغا ــ جاپا.

خۇدا ئۇرغاننى،
خۇدا بەردى قرشۇب ئۇرۇبتۇ.

خوتۇن قانيتى ئەر،
ئەر قانيتى ئات.

ختايغا سوز، قالماقىا بوز.

خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا بولماس.

خوتۇن ــ بويۇن، ئەر ــ باش.

خۇش ياقماسنى ئىشقا بۇريساڭ،
ساڭا عيقل ئۇگيتەر.

خۇدايىم بلىب پاقيغا قۇيرۇق بەرمەبتۇ.

زوخلانغان مال ئەى بولماس.

زاغرق ئاڭليغاننى كورمەبتۇ،
قارغا كورگەنني.

زيهنيدە زاڭ كورميگەن،
چۇشيدە نان.

زامانە زورنڭ، تاماشە كورنڭ.

زالمنڭ زۇلميدن ساقلا،
پادشاهنڭ حوكميدن.

زامان ساڭا باقميسا، سەن زامانغا باق.

زيدى پەسنڭ زيلى پەس.

ا تشتدن قوقان گاداى ئەمەس.

جۇجينى كۇزدە ساناڭ.

ئككى ئوينڭ قورغينى،
بر ئويگه ئاش بوليدۇ.

ئنجۇ-ماجان تاش ئيكەن،
قوناق-تبرق ئاش ئيكەن.

ئشتانغا چشقان كوڭۈلگه تايلق.

ئش كوپ، كومۇر ئاز.

ئش ئوڭغا تارتسا، ئشتان قۇڭغا تارتدۇ.

ئش لاپقۇت، ئاش ئوتنه.

ئرغايدەك ياغاچ بولماس،
لاچندەك ييگت بولماس.

ئشترب ئەتكەنني، ئشت ييمەيدۇ.

ئش ئاشقا تاتيدۇ،
ھۇرۇنلۇق باشقا.

ئشت ئيگيسى بلەن كۈچلۈك.

ئشتنڭ كوڭلى سوڭەكدە.

ئشتنى قاۋايدۇ دەپ،
ئاغزينى كەسكيلى بولمايدۇ.

ئشت-ئشتنى بۆريسا،
ئشت قۇيريغيني بۆيرۇيدۇ.

ئشتنىڭ قارغىغىنىغا پشت ئولمەيتۇ.

ئشتنىڭ دوسنى پشت.

ئشت سەرىسە، ئىگىسىنى قاۋار.

ئلاننىڭ توشۇگى تۈز، ئوزى ئەگرى.

ئشت هاۋشا-هاۋشا تاڭدا ئۇخلا.

ئشت ئشنلىگىنى قلمىسا، كوڭلى تنماس.

ئشتنىڭ ئاغزىغا سوڭەك تاشلا.

ئشت قلغاننى، ئشتلارچە قلمايتۇ.

ئشتنىڭ قاغىشى بورىگە يۇقماس.

ئشقى يوق — ئىشەك،
دەردى يوق — خەشەك.

ئچمەن چققان بالاغا،
نەگە باراي دازاغا.

ئىلاننىڭ تىشى يۇمشاق، ئچى زەهەر.

ئشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
ئشى بارنىڭ ئىشى بار.

ئشت كالليسى تەخسىدە توختىمايتۇ.

ئشلىسەڭ چشلەيسەن.

ئشەنگەن تاغدا كيىك ياتمابتۇ.

ئچ-سرڭنى ئاناڭغىما ئيبتما!

ئشلىگەن چلق-چلق،
ئشلىمىگەن قۇرغاقچىلىق.

ئيلى سەككز مىڭ.

ئنيسى بارنىڭ ئريسى بار.

ئشنى قلغن ئولگىچە،
ئاماق يىگن تويغىچە.

عيزيزانە قەشقەر، شيهيدانە خوتەن،
غيريبانە تۇرفان، ئەسيرانە قومۇل،
ۋەليىيانە كۇچار، غازييانە ئاقسۇ.

يىراق بولسا كشنيشەر،
يىقن بولسا چشليشەر.

يامانغا قلغينڭ قۇمغا سڭگينڭ.

يامانڭ بر قلىقى ئارتۇق.

يوق يەردن پۇتاق چقرب.

يول عازابى، گور عازابى.

يامان ئاتنى يال باسۇر.

يېمەيمەن دەپ، چېچىۋاتقاندەك.

يېشىل كولدە غاز ئوينار،
چۆپ بىلەن تاز ئوينار.

ياخشىنىڭ قەدرىنى يامان بىلمەس.

يولغا چىقساڭ ئەتە چىق.

ياماننىڭ سۈيىنى ئىچكىچە،
قاپىغىنى ئۈشتۈۋەت.

ياماندىن يا بوبى قاچ!

بۆگرىگەن قالا، بۆيرىغان تالا.

يان يەر — يەر ئەمەس،
كىچىك بالا — ئەر ئەمەس.

يات يىگىچە، ئۇرۇق-تۇققان ئولگىچە.

يامانلىغان ئابدالنىڭ غۇجىنىغا زىيان.

يامانغا ئاختامىدا داڭگال.

بوق دىسە، يىنىپ ئىچىك.

يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم،
توقماق ئېلىپ پەملەندىم.

ياش كېتىمەن دەپ قورقىتار،
قىرى ئۆلىمەن دەپ.

يىگىنى ئايىغان كونا.

يانىدىكى كيسەكنىڭ ئەتۋارى يوق.

ياخشى بولسا ئوزىدىن،
يامان بولسا ئوزگىدىن.

ياز يىپىنچاڭنى، قىش ئوزۇغڭنى ئال.

يىتىم بۇلۇڭدا، تىرىق تۇلۇمدا.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا.

ياماننىڭ گىپى يامان،
ئەسكى چاپاننىڭ پىشتى.

بوتقانغا قاراب، پۇتۇڭنى سۇن.

يىغلىماقنىڭ كۇلمىگى بار،
كولمەكنىڭ يىغلىمىغى بار.

ياخشى سوز دۇشمەنگە يارىغان.

ياغاچ قازاندا چاي بىرلا قىتىم قاينايدۇ.

ياغ يەب ياڭاچ يات!

ياخشىنىڭ شارافىتى،
ياماننىڭ كاسافىتى.

بۇگاش ئۆينىڭ مۆڭگىزى ئچىدە.

ياميساڭ پۈتيسەن،
ياليساڭ تويىسەن.

ياخشى ئاتنڭ يايليدن.

يقلغاندن سوريما، كۈلگەندن سورا!

ياش كەلسە ئشقا،
قيرى كەلسە ئاشقا.

يالغۇز ئاتنڭ چڭى چقماس.

قول ياريسى كيتەر،
تل ياريسى كەتمەس.

يل يۈر ئامان يۈر.

يالغانچينڭ قۈبريغى بر تۈتام.

يىگتلككە هەشەم كبرەك.
بەگلككە حەرەم.

ييتم تايدن يورغا چقار،
ييتم باليدن دۈغا چقار.

ياخشيلق يەردە قالماس.

يامان هارۋا يول بۈزار،
يامان كشى يۈت.

ياخشيغا ئشارەت، يامانغا جۈۋالدۈرۈق.

ياخشيلققا ياخشيلق،
ھەر كمنڭ ئشى،
ياخشيلققا يامانلق نادانڭ ئشى.

بيتمنڭ ئاغزى ئاشقا تەككەندە،
بيشى تاشقا تيگبتۇ.

ياخشينڭ سوزى ــ يامانڭ كوزى.

يولدا يانقان ئيلاننڭ عومرى قسقا،
كيچە يۇرگەن ئەرنڭ.

يامان پيچاق تۇتقيچە ــ چشلەب ييگن تويغيچە،
يامان خوتۇن ئالغيچە ــ
بوبتاق يۇرگن ئولگيچە.

يامانڭ ياخشيسى بولغۇنچە،
ياخشينڭ يامينى بول!
قاراموُق دينى بولغيچە،
بوغداينڭ سامانى بول!

يامانغا يولۇقساڭ ياليسى يۇقار،
قازانغا يولۇنساڭ قاريسى.

يوقسز بولسا يالغان بولۇر،
تۇكسز بولسا تايغاق بولۇر.

يارمنڭ تلليغينى ــ چلليغينى.

ياخشيدن يامان بولىدۇ، ياماندن ياخشى.

يامانليغانغا يامان قوينڭ كالليسى.

يازلقا ساراى سالاى،
قشلققا قايان باراى.

يەب تويميغان يالاب تويمابتۇ.

يازنڭ تيزيگى قشقا دورا.

يينگدا بر پۇلۇڭ يوق،
توگىنڭ چشينى سانا!

ييميگەننڭ ييگۈچيسى چقار،
كييميگەننڭ كييگۈچيسى.

يۈرگەن دەريا، ياتقان بەريا.

ياخشى سوز جان ئوزۇغى،
يامان سوز جان قوزۇغى.

ياخشى سوز تاشنى يارار.

بيتمنڭ ئاتيسى يەتتە.

يەب نيمەڭ قالدى،
ئككى تال ئۈزۈمڭ.

ياخشيغا ياغدەك، يامانغا داغدەك.

يانقانغا يان يوق، قوپقانغا ئالۋان.

يامانغا ياغ ياراشماس.

ئۈشتكەن پچاقنڭ سيپى ئالتۇن.

يارنڭ ئاغامچيسى بولسا،
گادا ينڭ كوليسى.

ييگەننڭ ييلى بار، ييميگەننڭ دەردى.

يەى ديسەڭ چشڭ ئاغريدۇ،
سيمز يەرنى بەرگيلى ئچڭ ئاغرييدۇ.

ييمشلك ياغاچنڭ بيشى تۆۋەن.

ياخشينڭ ياخشيليغينى چقار، ــ نۇرى ئانسۇن،
يامانڭ يامانليغينى چقار ــ توزۇب كەتسۇن.

يامانلقنڭ يولى ييڭك،
ياخشيلقنڭ يولى ئيغر.

يۈز دوستدن بر دۇشمەن كوپ.

يامانڭ ئيشى پشماس،
قازان بيشيدن چۈشمەس.

ياخشى ميهمان ئاش ئۈستيدە،
يامان ميهمان غيۋەت ئۈستيدە كيلۇر.

ييغينى يان باسيدۇ، ئوغرينى دام.

يىراق يەردن ئات ئالما،
يىقن يەردن قزا!

يەنە دىسە، يەنە دەيدۇ،
ئاستا دىسە كشىگە دەيدۇ.

ياخشى ئاتنڭ ئارقىسى،
يامان بالىغا قرق يل ئوزۇق.

يەرگە كرسەم قاتتق، ئاسمانغا چقسام يىراق.

ياخشى كورگەننى ئىيتار، يامان يىگەننى.

ياخشى ئانقا قامچا كىردك ئەمەس،
ياخشى يارغا ئەلچى.

يىراقدىكى تۇققاندن،
يىقندىكى خوشناڭ ئەعلا.

مۇندەرىجە:


تارىخى-ئىنقىلابى قوشاقلار . . . . 3

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى . . . . . 63

مۇھەببەت قوشاقلىرى . . . . . . 157

نۇرلۇك ناخشا-بېيتلار . . . . . . 225

ماقال ھەم تەمسىللەر . . . . . . . 255